


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

3
2013

# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى



قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ
دوتسېنتى، مېھرىبان ئانىلارنىڭ قورغۇچىسى

## ھاجى ئانىكا مىرسەخمەت

农村科技

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
03>
9 771004 109006

قەدىمىي دىيار قەشقەردىكى قەلەمكەش خانىم-قىزلاردىن، رايونىمىزدىكى
ھەرقايسى سېپلەردە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان قېرىنداشلارغا
103-قېتىملىق «8-مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىلىق سالام!



ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 335 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

كۈزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشى ..........................ئەنۋەر تۇرسۇن (1)
كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ..................قەمگۈل تۇرسۇن قاتارلىقلار (3)
يۇقىرى زىچلىقتا كېۋەز ئۆستۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......................رابىيە ياسىن (4)
بۇغداينىڭ دان ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ...............ئابلەت مەخمۇت قاتارلىقلار (6)
زىغىر ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى ..........................................تۇرسۇنگۈل يۇنۇس (7)
زەنجىۋىل ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى ..........................................ماھىرە يېزىم (9)
بەرەڭگە ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى .......................................... ئابدۇۋاھىت ئىبراھىم (10)
زىيانسىز كۆكتات ئۆستۇرۇشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..................روزىگۈل تۇداخۇن (12)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا شوخلا ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى ..........................نۇسرەت خوجەھەمەت (14)
پارنىكتا كۇدە ئۆستۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.................ھەزىمگۈل مەمەت قاتارلىقلار (17)

### ئوغۇت تۇپراق

مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلاشتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەر.......................
..........................................چىمەنگۈل ساقاجىيوف قاتارلىقلار (18)
خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى ... ياقۇپ ئىمىر قاتارلىقلار (20)
كېۋەزنى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار
.......................................... روشەنگۈل ياسىن قاتارلىقلار (22)
زىرائەتلەردىكى ئېلېمېنت يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى....دىلخۇمار تاشمەمەت (24)

### ئورمانچىلىق

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرەك كۆچىتى يېتىشتۇرۇش ئۇسۇلى ....ئانىقىز روزى قاتارلىقلار (26)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش


كېۋەز كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى ............نۇرگۇل سەلەي (28)
پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىك، هاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىش ئۇسۇلى
..............................................................تۇرسۇنگۇل تۇردى (30)
پارنىك ئاق توزان پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..........ئابلىكىم ئەمەت (31)
كۆكتات ئېتىزىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
..............................................................ئەركىن نىياز (34)
سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان شوخلىدىكى كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلار ۋە ئوت ـ چۆپلەر ـ
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ................................ مەختۇمخان بارات (35)
يىلتىز سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى
..............................................................هەمراگۇل نېسىر (37)
چىلان دەرىخىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقى ـ
تىش ئۇسۇلى ................................ روشەنگۇل تۇردى (38)


## سۇچىلىق


پۇركۇپ سۇغىرىش سىستېمىسىنى لايىهەلەشتىكى مۇهىم نۇقتىلار......تاجىگۇل سەمەت (40)
ئەتىيازلىق سۇ باشلاشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك ......... ئەنۋەر تۇرغۇن (42)
توما ـ تاقاق، چىغىرىق ئۇسكۇنىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىشتىكى مۇهىم نۇقتىلار ....مۆمىن ياسىن (43)


## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق


تۆللەردىكى ۋىتامىن A يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ....... قەلبىنۇر ئابدۇرېهىم (45)
چارۋىلاردىكى تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ....چىمەنگۇل زۇنۇن قاتارلىقلار (47)
توخۇ چېچەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ................نىزامىدىن ئابدۇرېهىم (49)
موزاي چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ...... روزىگۇل ئەخمەتنىياز (51)


## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى


يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى داۋانغا چىققاندا ۋە چۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..... زۆهرەگۇل هەسەن (54)


## قانۇن ئۈگىنەيلى


جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(57)


## بىلىۋېلىڭ


خانىم ـ قىزلارغا خىتاب ................................ هەلىمە تۇرسۇن (59)



باش مۇهەررىر: هەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇهەررىر: ئەنۋەر مۇهەممەت
مۇهەررىر: ئابلەت هەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第3期
总335期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

冬小麦春季栽培管理 …… 艾尼瓦尔·吐尔逊(1)
玉米苗期栽培管理 …… 凯米古丽·图尔逊等(3)
棉花高密度栽培要点 …… 热比艳·亚森(4)
增加小麦粒重措施 …… 阿布来提·麦合木提等(6)
胡麻栽培方法 …… 吐尔逊古丽·玉努斯(7)
生姜栽培方法 …… 玛依热木·赫则木(9)
马铃薯栽培方法 …… 阿不都瓦依提·依不拉英(10)
无公害蔬菜栽培注意事项 …… 肉孜比·吐达洪(12)

## 设施农业

温室番茄栽培方法 …… 努苏拉提·加合买提(14)
温室韭菜栽培要点 …… 艾孜木古丽·买买提等(17)

## 土壤肥料

果树施肥技术措施 …… 曲曼姑丽·沙卡吉优甫等(18)
鉴别化肥方法 …… 亚库甫·依米尔等(20)
棉花根外追肥注意事项 …… 茹先古丽·牙森等(22)
农作物缺乏微量元素症状与补施方法 …… 地丽胡马尔·塔什买买提(24)

## 林业技术

覆膜育树苗方法 …… 阿尼克孜·肉孜(26)

## 植物保护

棉蚜防治方法 …… 努尔古丽·萨来(28)
预防温室蔬菜病虫害措施 …… 吐尔逊古丽·吐尔地(30)
温室白虱防治方法 …… 阿卜力克木·艾麦提(31)
菜地除草综合方法 …… 艾尔肯·尼亚孜(34)

加工番茄病虫害防治方法 ........................ 买合吐木汗·巴拉提(35)
根系病害防治措施 ........................ 艾米拉古丽·尼斯尔(37)
红枣树病虫害防治方法 ........................ 茹鲜古丽·吐尔地(38)

## 农田水利

喷灌系统设计要点 ........................ 塔吉古·塞买提(40)
水渠引水准备工作 ........................ 艾尼瓦尔·托尔洪(42)
输水期闸门、启闭机设备安全使用方法 ........................ 木明·亚生(43)

## 畜牧兽医

羔羊缺乏维生素 A 防治方法 ........................ 凯丽比怒尔·阿布都热依木(45)
母畜卵泡囊肿防治方法 ........................ 曲曼古丽·祖农等(47)
春季鸡痘病防治措施 ........................ 尼扎米敦·阿布都热衣木(49)
犊牛大肠杆菌病防治方法 ........................ 肉孜古丽·艾合买提尼亚孜(51)

## 农业机械

农用车辆上、下坡注意事项 ........................ 早热古丽·艾山(54)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ........................(57)

## 百科知识

致妇女的宣言 ........................ 艾力曼·吐尔逊(59)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN 65－1046 / S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# كۆزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق بېرۋىشى

ئەنۋەر تۇرسۇن

(باي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

**1. تىرنىلاش:** باش ئەتىيازدا يەنى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى، بۇغداي ئېرىقلىرى 2 ـ 3 سانتىمېتىر ئېرىشكە باشلىغان مەزگىلدە، 2 ـ 3 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قېتىم تەكشى تىرنىلىغاندا بۇغداي مايسىنىڭ قايتا كۆكىرىشى تېزلىشىپ، تىمەن ئۆسىدۇ ھەمدە بۇغداي مايسىلىرىنى ئەتىياز پەسىللىك شور، زەي ئاپىتىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ تەدبىر 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. تىرنىلاش يۆنىلىشى توغرىسىغا ياكى قىيپاش تىرنىلانسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**2. قايتا كۆكلەش مەزگىلىدىكى قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** بۇغداي تۈپچىلىرىنىڭ ئۈنۈمسىز باشاقلا ئايلىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، يېتەرلىك مىقداردىكى ئۈنۈملۈك باشاقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قايتا كۆكلەش مەزگىلىدىكى قوشۇمچە ئوغۇتنى، دەل ۋاقتىدا بېرىش لازىم. ئادەتتە ھەر مو بۇغداي ئۈچۈن 20 كىلوگىرام ئورىياغا 8 ـ 10 كىلوگىرام ئاممونىي دى ھىدرو فوسفاتنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۇپراق قەۋىتىگە سىيالكا بىلەن بېرىش ھەم ئارقىدىن شاخ سۆرەم قىلىپ، ئوغۇتنىڭ تولۇق كۆمۈلۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قوشۇمچە ئوغۇتنى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، 3 ـ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بەرسە بولىدۇ.

**3. ئەتىيازلىق سۇينى ۋاقتىدا قويۇش:** بۇغداينىڭ غول تارتىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش ۋە قايتا كۆكلەش مەزگىلىدە بېرىلگەن قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئۇچۇن، بۇغداينىڭ ئاخىرى غول تارتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەتىيازلىق سۇيىنى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنگىچە قويۇش لازىم.

**4. بۇغداي ئېتىزىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى خىمىيەلىك ئۇسۇلدا يوقىتىش:** بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق سۇيىنى قويغاندىن كېيىن، بۇغداي ئېتىزلىرىدىكى سىركەش، تاش پۇرچاق، لويلا، ئاق چېچەك، قامچا ئوت قاتارلىق قوش پەللىلىك ياۋا ئوتلار 3 ـ 4 يوپۇرماق بولغاندا، بۇغداي مايسا ئېتىزلىرىغا 13% لىك خېدونالىنىڭ 200 ـ 250 گىرام سۇ يۇقلۇقىغا 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى چېچىش ياكى 1 ـ 1.5 گىرام دۇباڭ جۇشىڭ دورىسىغا 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ. دورىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دورىنى هاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چېچىش، هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى 20℃ تىن تۆۋەن بولغاندا چاچماسلىق لازىم. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنگىچە چېچىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**5. يوپۇرماق سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** بۇغداي غول تارتىشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە (پوقاق بولۇشتىن ئىلگىرى) هەر مو بۇغداي مايسىلىرىغا 200 گىرام كالىي دى هىدرو فوسفات، 80 گىرام تىرىئا كونتانول (سەنشۋەنچۈن) دورىسىغا 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، يوپۇرماق يۈزىگە تەكشى چېچىش ئارقىلىق، بۇغداينىڭ بايراق يوپۇرمىقىنىڭ فۇنكسىيەلىك ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دان ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (03)

# كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

قەمگۈل تۇرسۇن  ئەخمەتجان سادىر
(يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلى — مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن تارتىپ يۇمران باشاق كۆرۈنگىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىل جاغدا سوتلارغا 60 ـ 65 كۈن، ئارا جاغدا سورتلارغا 40 ـ 45 كۈن، چىلگە سورتلارغا 20 ـ 25 كۈن ئەتراپىدا كېتىدۇ.

1. مايسا مەزگىلىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى: (1) جاغدا كۆممىقوناق سورتلىرىنىڭ مايسا مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى ئۆسۈشى ئاساسەن يەر ئاستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرددۇ. نىسپىي تەملىك 60% ـ 65% بولسا نورمال ئۆسىدۇ؛ (2) يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىنى ئاساس قىلىپ، ئۇزۇقلۇق ئەزالىرى شەكىللىنىدۇ؛ (3) مايسا مەزگىلىدە تېمپېراتۇرىغا بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولىدۇ.

2. مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىش نىشانى: كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، يەر ئاستى قىسمى بىلەن يەر ئۈستى قىسمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

3. مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىش تەدبىرلىرى: (1) مايسىنىڭ تولۇق ئۈنۈپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (2) مايسا كەم بار ئورۇنلارغا دەرھال تولۇقلاپ تېرىش لازىم؛ (3) مايسىلارنى تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا مايسا بەلگىلەش لازىم. مايسا بەلگىلەشنى ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە باشلاپ بەش تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك. مايسا بەلگىلەشتە تۆتنى قالدۇرۇش تۆتنى قالدۇرماسلىق لازىم: ① تىمەن مايسىلارنى قالدۇرۇپ، ئاجىز مايسىلارنى شاللىۋېتىش كېرەك؛ ② ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە مايسىلارنى قالدۇرۇپ، يات مايسىلارنى شاللىۋېتىش كېرەك؛ ③ ئىنچىكە، ئورۇق، بوغۇم ئارىلىقى ئۇزۇن مايسىلارنى شاللىۋېتىپ، غولى توم، بوغۇم ئارىلىقى قىسقا مايسىلارنى قالدۇرۇش لازىم. كۆپ كولتىۋاتسىيە قىلىش ئارقىلىق مايسىلارنىڭ بالدۇر يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بىرىنچى قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىش چوڭقۇرلۇقى 3 ـ 5 سانتىمېتىر،

# يۇقىرى زىچلىقتا كېۋەز ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

رابىيە ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. زىچلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن سېلىنمىنى كۆپەيتىشنى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش لازىم. كېۋەز ئۆستۈرۈشتە مايسىسى تولۇق، ئۆستۈرۈش زىچلىقىنى مۇۋاپىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەرمو يەردىكى تۈپ سانى ۋە غوزا سانىنى ئاشۇرۇش كېرەك، لېكىن زىچلىقىنى ئاشۇرۇشقىلا ئەھمى- يەت بېرىپ، يەرگە بولغان سېلىنمىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرمىسە، كېۋەز مايسىلىرىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئاجىز ئۆسۈپ، كېسەل- لىك ۋە ھاشاراتنىڭ زىيىنىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېمەن مايسا يېتىشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. نەزەريەۋى جەھەتتىن قارىغاندا ھەر مو يەردە 18 مىڭ تۈپ مايسا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىر مو يەرگە ئۈچ مىڭ كىلوگىرام چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 20 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش، ئىككىنچى سۇيىغا بىرلەشتۈرۈپ 10 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ئۇنىڭدىن باش- قا ئوزۇقلۇق ئۆسۈش مەزگىلىدە يوپۇرماق ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

2. خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئۆسۈشنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۆس- تۈرۈش زىچلىقىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، ئوخشىمىغان ئۇنۇمدارلىق شارائى-

---

ئىككىنچى قېتىم 12 ـ 18 سانتىمېتىر بولۇش لازىم؛ ④ مايسا مەزگىلىدە بىرىنچى سۇيىنى كېچىكتۈرۈپ قويۇش لازىم؛ ⑤ ياۋا ئوت ـ چۆپ، كېسەل- لىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش لازىم. ئاساسلىق ئوت ـ چۆپلەردىن جوغىدان، يۆگىمەچ، لويلا، قامچا ئوت بار. بۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: 72% لىك دوئىل (都尔) دىن ھەر موغا 200 ـ 250 مىللىگىرامنى ياكى كۆەيمېيلىك (快美灵) دىن 2 ـ 4 گىرامنى ياكى 30 ـ 35 مىللىگىرام 48% لىك تىرىفلورالىن (氟乐灵) نى 45 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، كۆممىقوناق 3 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە پۈركۈسىمۇ ئوت ـ چۆپ يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (03)

تىدىكى كېۋەز ئېتىزلىرىغا قارىتا، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) نىڭ ئىشلىتىش قېتىم سانى ۋە ئىشلىتىش مىقدارىنى بەلگىلەپ، ئۆسۈشىنى تەڭشەش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن كېۋەزنىڭ ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، نەتىجىدە بالدۇر ئېچىلدۇرۇش، سۈپەتلىك بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتە تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى ياخشى بولغان يۇقىرى زىچلىقتىكى كېۋەز ئېتىزلىرىغا قارىتا، پوتكول ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا ھەر مو يەرگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن 10 گىرام، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىغا قارىتا 7 ـ 8 گىرام ئەتراپىدا ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

3. كېۋەزنى بالدۇر ئېچىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. كېۋەزنى بالدۇر ئېچىلدۇرۇش يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئاساسى. كېۋەز ئۆستۈرۈشتە بىر تېرىپلا مايسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، بالدۇر كولتىۋاتسىيە قىلىپ، بالدۇر مايسا بەلگىلەپ، مايسىنى تىدەن، بالدۇر يېتىلدۈرۈش، بالدۇر ئوغۇتلاپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا سۇغىرىپ، ئۆز جايىنىڭ ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، غوزىلاش مەزگىلى بىلەن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مەزگىلنىڭ ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تومۇزدىن بۇرۇنقى غوزا بىلەن تومۇز غوزىسىنى ئاشۇرۇپ، بالدۇر ئاجىزلاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېۋەزنىڭ بالدۇر ئېچىلىشىنى قوغلىشىپ، ئېتىزنى بالدۇر قۇرغاقلاشتۇرۇپ، ئېچىلىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى دورىلارنى بەك بالدۇر ئىشلەتمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كېۋەزنىڭ بالدۇر ئېچىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پاختا مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4. ئۆسۈشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، سۇ ۋە ئۆزۇقلۇق ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (03)

# بۇغداينىڭ دان ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى

ئابلەت مەخمۇت　ئاززۇگۇل ئابدۇل
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

بۇغداي ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە (بۇغداي باشاق چىقىرىپ پىشقىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ) بۇغداي يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈش كۈچى ئاجىزلايدىغان بولغاچقا، بۇغداي تۆپىلىرىگە قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندە ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئەمما بۇ مەزگىلدە بۇغداي تۆپىلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يوپۇرماقلار فوتوسىنتېز ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە بۇغداي تۆپىلىرىگە سۇيۇقلاندۇرۇلغان يوپۇرماق ئوغۇتى بەرگەندە بۇغداي دانلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ، دېنى چوڭ، رەڭگى پارقىراق، سۈزۈك بولۇپ، مىڭدان ئېغىرلىقى ئېشىپ، مەھسۇلاتى 15% ـ 25% ئاشىدۇ ھەمدە بۇغداي يوپۇرمىقىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. يوپۇرماق ئوغۇتىنى چېچىشنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. 98% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) تىن 150 ـ 200 گىرام، 46% لىك ئورىيا (尿素) دىن 500 گىرامغا 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، بۇغداي باشاقلىرىغا تەكشى پۈركۈش كېرەك.

2. ئالتە ئايدىن ئاشقان پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىنى 3:1 نىسبەت بويىچە (بىر كىلوگىرام پاتقاق گازى چىرىندى سۇيۇقلۇقىغا ئۈچ كىلوگىرام سۇ قوشۇپ) سۇيۇلدۇرۇپ، بۇغداي باشىقىغا تەكشى پۈركۈش كېرەك.

3. پۈركۈش قېتىم سانىنى ئادەم كۈچى، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى ۋە بۇغداي مايسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. بۇغداي باشاق چىقىرىپ چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن، سۈتلىنىش، مومىلىنىش مەزگىلىدە، بۇغداي باشىقىغا يوپۇرماق ئوغۇتىنى تەكشى پۈركۈش كېرەك.

4. چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچى ۋاقتى بەشتىن كېيىن پۈركۈش، كۈچلۈك كۈن نۇرىدا، قاتتىق ئىسسىقتا پۈركۈمەسلىك لازىم. يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئالتە سائەت ئىچىدە يامغۇر يېغىپ قالسا قايتا پۈركۈش لازىم. (03)

# زىغىر ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

تۇرسۇنگۈل يۇنۇس

(ئاراتۇرۇك ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

زىغىر — زىغىر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، تالالىق زىغىر ۋە مايلىق زىغىر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئادەتتە تالا ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان زىغىر تالالىق زىغىر، مايغا ئىشلىتىدىغان زىغىر مايلىق زىغىر (خۇما) دەپ ئاتىلىدۇ. مايلىق زىغىر ئاساسلىق مايلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مېيى پۇراقلىق، سۈپىتى ياخشى، تەركىبىدە تويۇنغان كىسلاتا، ئەلا سۈپەتلىك يود قاتارلىقلار مول، يېپىشلىك بولۇپلا قالماستىن، سانائەتتە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان رەخت ياساش، باسمىچىلىقتا ئىشلىتىدىغان رەڭ، بوياق، خۇرۇم، سوپۇن ياساش سانائىتىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ.

**1. تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** (1) يەر تاللاش: تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يۇمشاق، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى، سۇ چىقىرىۋېتىشكە قۇلايلىق بولغان ئاجىز كىسلاتالىق تۇپراقنى تاللاش كېرەك. ئالدىنقى يىلى قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، قىزىلچا تېرىلغان يەرلەر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. 3 ـ 4 يىل باشقا زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ، تەكرار تېرىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم؛ (2) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش: ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، ھەر مو يەرگە 2000 ـ 2500 كىلوگىرام سۈپەتلىك قىغ، 10 ـ 15 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) ۋە 4 ـ 6 كىلوگىرام كالىي سۇلفات (硫酸钾) نى يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن بىر قېتىمدىلا يەرگە چېچىپ بېرىش كېرەك؛ (3) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش: ئۇرۇقنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئاپتاپقا سېلىپ، بىخلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇرۇق مىقدارىنىڭ %0.3 چىلىك تىرام (福美双) بىلەن ئۇرۇقنى دورىلاش ئارقىلىق مايسا مەزگىلىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**2. مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىش:** (1) تېرىش ۋاقتى زىغىر ئۇرۇقىنىڭ

1℃ ـ 3℃ ئەتراپىدىكى تېمپېراتۇرىدا بىخلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-سەن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 7℃ ـ 8℃ قا مۇقىملاشقان ۋاقىتتا تېرىش كېرەك. ئەگەر تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ۋاقىتتا تېرىسا بىخلىنىش نىسبىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ھەتتا ئۇرۇق سېسىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلى-دۇ. بەك كېچىكتۇرۇپ تېرىسىمۇ مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ؛ (2) تېرىش مىقدارى: ماشىنا بىلەن قۇرلاپ تېرىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 6~8 كىلوگىرام ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ھەر مو يەردىكى مايسا سانى 30 ـ 45 مىڭ تۈپ بولسا مۇۋاپىق؛ (3) تېرىش چوڭقۇرلۇقى: تېرىش چوڭقۇرلۇقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى، ئەڭ چوڭقۇر بولغاندىمۇ 3.5 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**3. پەرۋىشى:** (1) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش: يۇمران زىغىرنىڭ ئۆسۈشى بىرقەدەر ئاستا، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا ئوت ـ چۆپ يوقىتىلمىسا مەھسۇلاتىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ (2) قوشۇمچە ئوغۇتلاش: قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، تۇنجى سۇيىنى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرنى بەش كى-لوگىرام ئورىيا (尿素) بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. (3) سۇغىرىش: ئادەتتە مايسا 6 ـ 10 سانتىمېتىر ئۆسكەندە تۇنجى سۇيىنى قويۇش كېرەك. تۇن-جى سۇيىنى ئاز سۇ بىلەن قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. غۇنچىلاش مەزگىلىدە 2 ـ قېتىملىق سۇيىنى قويۇش كېرەك. كېيىنكى سۇلىرى-نى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ۋاقىتتا قويۇش، كۆپ سۇغىرىپ تۇپلەرنىڭ يېتىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**4. مۇۋاپىق ۋاقىتتا يىغىۋېلىش:** يىغىۋېلىش ۋاقتى مەھسۇلاتقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. غولىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى يوپۇرماقلار سارغايغان، بىر قىسىم يوپۇرماقلار تۆكۈلگەن، 50% ـ 60% سارغاي-غان، ئايرىملىرى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا يىغىۋېلىش ئەڭ مۇۋاپىق ھېسابلىنىدۇ. (03)

# زەنجىۋىل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ماھىرە يېزىم

(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

**1. زەنجىۋىلنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى:** زەنجىۋىلنىڭ، يىلتىز سانى ئاز ھەم قىسقا بولۇپ، تۇپراقتا 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ھەم توغرىسىغىمۇ 30 سانتىمېتىر كېڭىيىپ ئۆسەلەيدۇ. زەنجىۋىل غولى يەر ئۈستى غول ۋە يەر ئاستى غول دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. يەر ئۈستى غولى تىك، يېشىل بولۇپ، يوپۇرمىقى غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئېگىزلىكى 60 ـ 100 سانتىمېتىر ئۆسەلەيدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتى بولىدۇ، سېرىق ياكى قىزغۇچ سېرىق چېچەكلەيدۇ.

**2. ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى:** زەنجىۋىل ناھايىتى ئاستا بىخلىنىدۇ. ئادەتتىكى شارائىتتا بىخلانغاندىن تارتىپ تۇنجى يوپۇرماق چىقارغىچە 50 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. تۇنجى يوپۇرماق چىقارغاندىن تارتىپ ئىككى تال يان شاخ چىققۇچە 70 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. ئۆسۈش سۈرئىتى ئاستا،ئۆسۈش مىقدارىمۇ ئاز بولىدۇ. ئىككى تال شاخ چىقارغاندىن تارتىپ مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىشقىچە 70 ـ 80 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا زەنجىۋىلنى تېرىشتىن تارتىپ يىغىۋېلىشقىچە 200 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.

**3. تېرىش:** زەنجىۋىل ئىسسىق خالايدىغان بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق، قىروۋسىز پەسىللەردە تېرىسا بولىدۇ. ئەگەر سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرسە پىشىش ۋاقتىنى بىر ئايچە ئالدىغا سۈرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە زەنجىۋىل بىخلاندۇرۇپ تېرىلىدۇ، بىخلاندۇرۇشتا چۆنەك تاختا ئۈستىدە بىخلاندۇرسا بولىدۇ، بىخلاندۇرۇش جەريانىدا تېمپېراتۇرىنى 22℃ ـ 25℃ تا كونترول قىلىش كېرەك. زەنجىۋىلنى تېرىشتىن بۇرۇن 50 ـ 70 گىرام چوڭلۇقتا پارچىلاش ھەم ھەربىر زەنجىۋىل پارچىسىدا بىردىن ساغلام بىخ قالدۇرۇش كېرەك. زەنجىۋىلنى تېرىشتا ئالدى بىلەن قاندۇرۇپ سۇغىرىش، ئاندىن

# بەرەڭگە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئابدۇۋاھىت ئىبراھىم
(ئاراتۈرۈك ناھىيە توخۇلۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. سورت تاللاش:** سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاش بەرەڭگىدىن مول ھوسۇل ئېلىشتىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**2. يەر تاللاش:** بەرەڭگە تەكرار تېرىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا يەر تاللىغاندا چوقۇم ئۈچ يىل ئىچىدە بەرەڭگە ۋە پېدىگەن ئائىلىسىدىكى باشقا زىرائەتلەر تېرىلمىغان يەرلەرنى تاللاش كېرەك. بەرەڭگە تەكرار تېرىشقا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، ئادەتتە تەكرار تېرىشتىن ساقلانمىغاندا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئېغىر بولۇپلا قالماستىن، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭسىزلىقىنى، بولۇپمۇ تۇپراقتىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەرەڭگىنىڭ سۈپىتى ناچار، مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەرەڭگىنى قوناق، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بەرەڭگە تېرىيدىغان يەرنى تاللىغاندا تۈز، سۇغىرىشقا ئەپلىك، سۇ يىغىلىپ قالمايدىغان، تېرىلغۇ تۇپرىقى قېلىن، بوش، قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرلەرنى تاللاش كېرەك.

ئېرىقچە تارتىپ، ئېرىقچە ئىچىگە زەنجىۋىل پارچىسىنى سېلىپ، 4 ـ 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ توپىسىنى يۇمشىتىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاش ھەم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

**4. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** زەنجىۋىلدە ئاساسلىق چىرىش كېسىلى ۋە داغ كېسىلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە زەنجىۋىلنى مىكروبسىزلاندۇرۇپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا مېتىل توپسىن(甲基托布津) قاتارلىق دورىلارنى يىلتىزغا قويۇش ياكى يوپۇرماققا پۈركۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.(02)

**3. ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش:** بەرەڭگە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق زىرائەت بولغاچقا، ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ. بەرەڭگە پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇقنىڭ 2/3 قىسمى ئاساسىي ئوغۇت ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. ئاساسىي ئوغۇتقا ئادەتتە مەھەللىۋى ئوغۇت، گەندە، سۈيدۈك ئارىلاشمىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەتسە ياخشى بولىدۇ. ھەر مو يەرگە 1000 ـ 1500 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 15 ـ 25 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙)، 100 ـ 150 كىلوگىرام ئۆسۈملۈك كۈلى بېرىلىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت چۆنەك ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئىچىگە كۆمۈپ بېرىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 5 ـ 8 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىش ئارقىلىق مايسىنىڭ تولۇق ۋە تىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

**4. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** (1) سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش ئاساسىدا شەكلى كۆركەم، پارقىراق، رەڭگى سۈزۈك بەرەڭگىلەرنى تاللاش لازىم. يېرىلغان، شەكلى غەلىتە، ئۇچى ئۇچلۇق، بىخ كۆزى بولمىغان، كېسەل تەگكەن بەرەڭگىلەرنى قەتئىي ئۇرۇق قىلىشقا بولمايدۇ؛ (2) بەرەڭگىنى كېسىپ تېرىش: بەرەڭگىنى كېسىپ تېرىغاندا ھاۋا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىنچلىنىش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىخلىنىشى ۋە مايسا چىقىرىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. بىراق كەسكەن ۋاقىتتا بەزى كېسەللىكلەر ئاسانلا پىچاق ئارقىلىق تارقىلىپ، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، سورتلارنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بەرەڭگىنى كېسىپ تېرىغاندا، پىچاقنى قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك؛ (3) پۈتۈن تېرىش. كىچىك بەرەڭگىنى كەسمەي پۈتۈن پېتى تېرىغاندا كېسەللىكنىڭ پىچاق ئارقىلىق تارقىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن بەرەڭگىنى ھاياتىي كۈچى ۋە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. 25 گىرام ئەتراپىدىكى بەرەڭگىنى ئۇرۇقلۇق قىلغاندا، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**5. بەرەڭگىنى بىخلاندۇرۇش:** بەرەڭگىنى بىخلاندۇرۇپ تېرىغاندا پىشىشنى تېزلىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بىخلاندۇرۇش جەريانىدا سېسىغان بەرەڭگىلەرنى شاللىۋېتىپ، مايسىلارنىڭ تولۇق ئۈنۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق: نەم قۇمنى يەرگە يېيىتىپ ئۈستىگە بەرەڭگىنى يېيىتىش ھەم مۇشۇ ئۇسۇلدا 3 ـ 4 قەۋەت يېيىتىپ، تېمپېراتۇرىنى 20℃ ئەتراپىدا ساقلىسا 8 ـ 10 كۈن ئەتراپىدا بەرەڭگە بىخلىنىدۇ. (03)

# زىيانسىز كۆكتات ئۆستۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

روزىگۈل تۇداخۇن
(غۇلجا شەھىرى پەنجىم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ئوغۇتلاش:** (1) مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى يېتەرلىك مىقداردا ھەم ياخ-
شى چىرىتىپ بەرگەندە، كۆكتاتلارنىڭ بولغىنىشىنى ئازايتقىلى ۋە تۇپراق
ئۈنۈمدارلىقىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ (2)
ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاز ئىشلىتىش لازىم، بولمىسا كۆكتاتلاردا ئاسانلا
نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئازوتلۇق
ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە مايسا مەزگىلىدە ئىشلىتىش كېرەك.
ئۇ كۆكتاتلارنىڭ بالدۇر يېتىلىشىگە ۋە تېز ئۆسۈشىگە پايدىلىق؛ (3)
كۆكتات تۈرىگە قاراپ ئوغۇتلاش: ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان كۆكتات تۈر-
لىرىدە نىترات تۇزلىرىنىڭ جۇغلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. مە-
سىلەن: سەۋزە، بەرەڭگە قاتارلىق تۈگۈنەك غوللۇق كۆكتاتلار بىلەن يوپۇر-
مىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارغا نىترات ھالەتتىكى ئازوتلۇق ئو-
غۇت ئىشلەتمەسلىك كېرەك. پىدىگەن تۈرىدىكى كۆكتاتلار ۋە پىلەكلىك
كۆكتاتلاردا نىترات تۇزىنىڭ جۇغلىنىشى بىرقەدەر يېنىك بولىدۇ، شۇڭا
ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاز مىقداردا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما سېتىپ چىقى-
رىشتىن 30 كۈن بۇرۇن ئازوتلۇق ئوغۇت ئىشلىتىشنى چوقۇم توختىتىش
كېرەك؛ (4) پەسىلگە قاراپ ئوغۇتلاش: ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە تېمپېرا-
تۇرا يۇقىرى، كۆكتات تەركىبىدىكى نىترات كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ پارچىلى-
نىشى تېز بولغاچقا، ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلەتسە بولىدۇ.
قىش ۋە ئەتىياز مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن، كۈن نۇرى ئاجىز بولغاچقا،
كۆكتاتلاردا نىترات تۇزلىرى ئاسان جۇغلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئازوتلۇق ئو-

غۇتنى بەرمەسلىك لازىم؛ (5) يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاش: تۈگۈنەك غول-لۇق كۆكتاتلار، پىلەكلىك كۆكتاتلار ۋە پىدىگەن تۈرىدىكى كۆكتاتلارنى يو-پۇرماق يۈزىدىن مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، مىقدارى-نى مۇۋاپىق تىزگىنلەش كېرەك. يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆك-تاتلارنى يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاشقا قەتئىي بولمايدۇ؛ (6) ھورمۇن ئىش-لىتىشنى چەكلەش لازىم، ئېتىفون قاتارلىق ھورمۇنلار كۆكتات سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا قەتئىي ئىشلەتمەسلىك لازىم.

**2. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يو-قىتىش:** دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ۋە بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش تەد-بىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا يىغىش، توشۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

فىزىكىلىق ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىشتا، رەڭلىك تاختا ئېسىش، ھاشارات جەلپ قىلىش چىرىغى ئورنىتىش، ھاشارات توسۇش تورى ئورنىتىش قا-تارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. بىيولوگىيەلىك دورىلار ئارقىلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دوشامېيسۇ (多杀霉素)، ئابامېكتىن (阿维菌素)، BT ھاشارات يوقىتىش دورىسى قا-تارلىقلارنى ئىشلىتىپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، دېھقانچى-لىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستىرېپتومىتسىن (农用链霉素) ئىشلىتىش ئار-قىلىق كۆكتاتلاردىكى چىرىش كېسىلى، قىرۋۇسمان پاختىلىشىش كې-سىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (02)

# بارنىكتا شوخلا ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

نۇسرەت خوجەھەمەت
(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدىن)

**1. سورت تاللاش:** پارنىكتا ئەتىيازلىق ئېكىنزدا ئۆستۈرۈشكە «زاۋفىڭ»، «زاۋكوي» قاتارلىق چىلگە سورتلارنى تاللىسا بولىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** ئەتىيازلىق ئېكىنزدا ئۆستۈرۈلىدىغان شوخلا مايىسىسى سىرتقى مۇھىت تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ۋاقىتتا يېتىشتۈرۈلىدۇ. مايسا يېتىشتۈرۈش ۋاقتىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 18℃ ـ 22℃ تا، كېچىسى 10℃ ـ 15℃ تا، ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى 80% تە كونترول قىلىنىدۇ. مايسا 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايىسزارلىقنىڭ نەملىك ۋە تېمپېراتۇرىسىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، مايىسىنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر مايسا بويىغا زورلاپ ئۆسكەن بولسا پاكارلىتىپ تىمەنلىتىش دورىسى (矮壮素) دىن 300 ـ 400 مىللىلىتىرغا بىر كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەربىر تۈپ تۈۋىگە 30 ـ 40 مىللىلىتىردىن قويۇش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مايىسىنى سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش لازىم.

**3. يەرگە ئىشلەش:** ھەر مو پارنىك يېرىنى 5000 ـ 8000 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن ئېغىل قىغى بىلەن ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تەكشىلەش لازىم. ئاندىن كېيىن قىر ئارىلىقىنى 80 سانتىمېتىر، قىر ئېگىزلىكىنى 30 سانتىمېتىر، قىر كەڭلىكىنى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىپ قىر ئېلىش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئىلگىرى ھەرمو پارنىك يېرىنى 300 ـ 500 گىرام گۈڭگۈرت پاراشوكى بىلەن ئىسلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم.

**4. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** ① ئەتىيازلىق ئېكىنزغا 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، مايسا يېشى 60 ـ 70 كۈنلۈك بو-

لۇپ، دەسلەپكى غۇنچىسى كۆرۈنگەندە كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. تۈپ ئارىلىقى 25 ـ 30 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ؛ ② قىشلىق ئېكىنزغا 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە مايسا يېشى 45 كۈنلۈك بولغاندا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. تۈپ ئارىلىقى 30 ـ 35 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىلىدۇ.

**5. پەرۋىشى:** مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن، تولۇقلاپ تىكىلىدىغانلىرىنى ۋاقتىدا تىكىش لازىم. پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ كۈندۈزى 22℃ ـ 24℃، كېچىسى 20℃ ـ 22℃ تا كونترول قىلىپ، مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىش لازىم. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىپ 15 ـ 20 كۈنگىچە ئامال بار سۇغارماي، تۇپرىقنى چاغلاپ يۇمشىتىپ، يىلتىز تارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن 1 ـ سۇيىنى بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرنى 200 كىلوگىرام كۈنجۈرە ياكى 30 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) ياكى يېتەرلىك مىقداردا گەندە ـ سۈيدۈك ئارىلاشمىسى بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. دەسلەپكى مېۋىسى يوغىناشقا باشلىغان مەزگىلدە پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ تىن يۇقىرىلىتىۋەتمەسلىك لازىم. ئادەتتە قىشلىق ئېكىنزدا ئۆستۈرۈلگەن شوخلا دەسلەپكى مېۋىسى يوغىناۋاتقاندا ۋە ئۇزۇۋالغاندىن كېيىن بىر قېتىمدىن سۇغىرىلىدۇ. ئارىلىقتا تۇپراق نەملىكى قۇرغاق بولسا بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. ئەتىيازلىق ئېكىنزدا ئۆستۈرۈلگەن شوخلا دەسلەپكى مېۋىسى يوغىناشقا باشلىغاندا بىر قېتىم، دەسلەپكى مېۋىسىنى ئۇزۇۋالغاندا بىر قېتىم، 2 ـ ساپاق مېۋىسى ئاقىرىشقا باشلىغاندا بىر قېتىم سۇغۇرۇلىدۇ. 1 ـ سۇيى ئاز، 2 ـ سۇيى ئوتتۇراھال، 3 ـ سۇيى كۆپرەك بېرىلىدۇ. پۇتاشتا شالاڭراق تىكىلگەنلىرى قوش غوللۇق پۇتىلىدۇ، يەنى دەسلەپكى گۈل رېتى ئاستىدىكى بىر تال يان شېخى قالدۇرۇلۇپ، قالغان شاخلىرى پۇتۇنلەي ئۈ-

زوۋېتىلىدۇ. زىچراق تىكىلگەنلىرى تاق غوللۇق يۆتىلىدۇ. يان شاخلىرى پۇتۇنلەي ئۈزۈۋېتىلىپ بىر تال غولىلا مېۋىلىتىلىدۇ ياكى دەسلەپكى گۈل رېتى ئاستىدىكى شاخنى قالدۇرۇپ، قالغان يان شاخلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، قالدۇرۇلغان يان شاخ مېۋىلىگەندىن كېيىن ئۇچى ئۈزۈۋېتىلىدۇ.

**6. چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنى ئازايتىش:** ئەتىيازدا ئۆستۈرۈلگەن شوخلىنىڭ دەسلەپكى گۈل رېتىنىڭ مېۋىلىشىنى باھار بايرىمىدىن كېيىن يورۇقلۇق كۆچىيىشكە باشلىغان مەزگىلگە توغرىلاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا چېچەك، مېۋىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، 15 ـ 20 مىللىگرام 2,4-D (2,4- 滴) غا بىر كىلوگرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، قاچىغا قويۇۋېلىپ، ئېچىلغان ياكى يېرىم ئېچىلغان گۈلنى 2 ـ 3 كۈندە بىر قېتىم چىلاش كېرەك. ئۇنداق قىلماي 20 ـ 40 مىللىگرام توماتوتون (番茄灵) غا بىر مىللىگرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسىمۇ بولىدۇ.

**7. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ① ھالقىسىمان داغ كېسىلى (ئالتېرناربوز كېسىلى) ئاساسەن يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە يوپۇرماقتا قوڭۇر داغ پەيدا بولىدۇ، ئاخىرقى مەزگىلدە داغ ھالقىسىمان داغقا ئايلىنىپ، يۈزىنى بىر قەۋەت قارا پاختىلاشقان قەۋەت قاپلاپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 70% لىك زىنېب (代森锌) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم؛ ② كۆك پىتنى يوقىتىشتا بىر ئۆلۈش ئازوت، بىر ئۆلۈش سوپۇن پاراشوكى، 100 ئۆلۈش سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش لازىم. كۆك پىت بەك كۆپ پەيدا بولغان بولسا د د ۋ بىلەن روگور (乐果) نى ئارىلاشتۇرۇپ، 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك.

**8. يىغىۋېلىش:** تولۇق يوغىناپ ئاقارغان مېۋىلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، 4000PPm-2000PPm لىق ئېتىفون (乙烯利) ئېرىتمىسىگە چىلاپ، 22℃ لۇق شارائىتتا قويسا، تەبىئىي قىزارغانغا قارىغاندا 5 ـ 7 كۈن بالدۇر قىزىرىدۇ. (03)

# پارنىكتا كۆدە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ھەزىمگۈل مەمەت    ھەمراگۈل ئابدۇرېھىم
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. سورت تاللاش:** پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە جىيۇباۋ (菲宝)، دوكاڭفۇ - 6 (多抗富6号)، قىزىل بىلەك كۆدە (报红韭菜)، تەكشى كۆدە - 4 (平韭4号) يەرلىك كۆدە قاتارلىق سورتلار مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ سورتلاردىن بەزىلىرى قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تىنچلىنىش مەزگىلى يوق بولۇپ، مەسىلەن، دوكاڭفۇ - 6 قاتارلىقلار قىشتا پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دوكاڭفۇ - 6 پارنىكقا سولىياۋ يوپۇقنى بالدۇر يېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەرلىك كۆدىنىڭ تىنچلىنىش مەزگىلى بولغاچقا، پارنىكقا سولىياۋ يوپۇقنى كېچىكىپ ياپسا بولىدۇ. شۇڭا پارنىكتا ئۆستۈرۈشتە ھەرقايسى سورتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئىش كۆرۈش كېرەك. قىشلىق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تەييارلانغان كۆدە ئەڭ كېچىككەندىمۇ چوقۇم شۇ يىلى ئەتىيازدا بىۋاسىتە تېرىلغان ياكى يازنىڭ ئاخىرى (8 - ئايدا) كۆچۈرۈپ تىكىلگەن بولۇشى كېرەك. كۈزدە تېرىلغان كۆدىنى شۇ يىلى قىشتا ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايدۇ.

**2. ئوغۇتلاش:** كۆدىنى پارنىكتا قىشلىق ئۆستۈرۈشتە يازلىق ئۆستۈرۈلگەن كۆدىنى يەر يۈزىگىچە ئورۇغاندىن كېيىن، تولۇق چىرىگەن قوتان قىغىنى كۆدە ئۈستىگە تەكشى يېيىتىپ، دۆڭ قۇمىنى قىغ ئۈستىگە تەكشى چېچىپ سۇغارغاندا، قىغنىڭ سۇدا لەيلەپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەرموغا ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵)تىن 50 كىلوگىرام ياكى بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) تىن 40 كىلوگىرام بېرىپ سۇغىرىش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا كۆدىنىڭ 2 - سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ ئورىيا (尿素) بەش كىلوگىرام ئەتراپىدا بېرىش لازىم.

**3. سۇغارغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى:** پارنىكتا كۆدە ئۆستۈرۈشتە سۇغا بولغان تەلىپى ئاز بولىدۇ. بىر ئورۇم ئۈچۈن ئىككى قېتىم سۇغارسىلا بولىدۇ. ئادەتتە كۆدىنىڭ تۇنجى سۈيىنى بېرىپ 30 كۈن ئەتراپىدا ئورۇپ بازارغا سالسا بولىدۇ. يازلىق كۆدىنى ئورۇپ تاشلىۋەتكەندىن كې-

# مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلاشتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەر

چىمەنگۈل ساقاجىيوف
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
**ماھىرە ئابلىز**
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)
**ئابدۇرېھىمجان مۇتەللىپ**
(قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. ئورىيا، كالىي دىھىدروفوسفات، كالتسىي سوپېر فوسفات، كالىي سۇلفات، مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلاردىن بورىكىس، سىنك سۇلفات، مانگان سۇلفات قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم.

2. ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرگە يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈگەندە ئورىيانى 0.3% ـ 0.5%، كالىي دى ھىدروفوسفاتنى 0.2% ـ 0.5%، كالتسىي سۇپېر فوسفاتنى 0.5%~1%، ئاممونىي فوسفاتنى 0.3%~0.5%، كالىي سۇلفاتنى 0.2%~0.4%، سىنك سۇلفاتنى 0.1%~ 0.4%، تۆمۈر II سۇلفاتنى 0.1%~0.4%، مانگان سۇلفاتنى 0.05%~0.1% قويۇقلۇقتا تەڭشەپ ئىشلىتىش لازىم.

3. لاپاسنى ياپقان ۋاقىتتا چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن بۇرۇن، چۈشتىن، دەرھال قىغ قاتارلىقلارنى تۆكۈپ سۇغىرىش كېرەك. تۇپراق يۈزىنى دەسسىگۈدەك بولغاندا (كۆدە يەر يۈزىگە كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن) تىرنا ياكى پازا بىلەن تۇپراق يۈزىنى تىرنىلاپ، ئۈستىدىكى شاخ ـ شۇمبا، لاۋا ـ لۇتقىلارنى تازىلاپ، تۇپراقنى يۇمشىتىپ، كۆدىنىڭ ئاستىغا قاراپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر قېتىم ئورۇپ بولغاندىن كېيىن، يېتەرلىك ئوغۇتلاپ سۇغىرىش لازىم.

**4. ھاۋا ئالماشتۇرۇش:** پارنىكتا كۆدە ئۆستۈرۈشتە، 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ھاۋانىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى تەدرىجىي كۈچەيتىش كېرەك. ئادەتتە پارنىك يوتقىنىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئەتىگەن ئېچىپ، كەچ يېپىش، بوران چىققان كۈنلىرى يوتقاننى يېرىم يېپىپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش كېرەك. (03)

تىن كېيىن سائەت تۆت كىچە پۈركۈش، لاپاس يېپىلمايدىغان ۋاقىتتا ئە-تىگەن سائەت سەككىزدىن چۈشتىن كېيىن ئالتىگىچە پۈركۈش لازىم.

4. چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، گۈل تۆكۈلۈش مەزگىلى، مېۋى-لەش مەزگىلىدە پۈركۈلۈشى، ھەر قېتىملىق پۈركۈش ئارىلىقى 10 كۈن ئەتراپىدا بولۇشى لازىم. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدە بورغا ئېھتىياجى يۇقىرى بولغاچقا، چېچەكلەش مەزگىلىدە بور پۈركۈلسە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. مولبىدىن ئوغۇتى چېچەكلەشتىن بۇرۇن، سىنىك ئوغۇتى چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈركۈلۈشى لازىم. مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە 0.2% لىك كالىي ھىدرو فوسفات ئېرىتمىسى پۈر-كۈلگەندە رەڭلىنىشىنى تېزلىتىدۇ، كۈزدە مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كې-يىن 3% ـ 5% لىك ئورىيا ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. ئۆسۈپ يېتىل-لىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈركۈش قويۇقلۇقى مۇۋاپىق، تۆۋەن، ئوت-تۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدە يۇقىرىراق بولسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

5. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 18℃ ـ 20℃ بولغاندا يوپۇرماقتىكى ھاۋا تۆشۈكچىلىرى تولۇق ئېچىلىدىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئوغۇت پۈركۈگەندە ئېلېمېنتلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ۋە توشۇلۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

6. ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى 50% ـ 80% بولغاندا ئوغۇت پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

7. ئادەتتە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى سارغىيىپ ئۆسۈشى ئاجىز بولغاندا، ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر يوپۇرمىقى چوڭ، بوغۇم ئارىلىقلىرى زىيادە ئۇزۇن بولغاندا ئازوت يېتەرلىك بولۇپ، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇت-نى ئاساس قىلىپ پۈركۈش كېرەك.

8. مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوغۇت پۈركۈگەندە تولۇق، تەكشى پۈركۈش، بولۇپمۇ يوپۇرماقنىڭ كەينىگە تەكشى پۈركۈش لازىم. يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ قويۇقلۇقى نىسبەتەن تۆۋەن، ئىشلىتىش مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئارقىمۇ ئارقا 2~3 قېتىم، ھەر 10 ~ 15 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش لازىم. ئازوت، كالىي-

# خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

ياقۇپ ئىمىر ئامىنە ئۆمەر
(باي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك مۇھىت كۆزىتىش پونكىتىدىن)

**1. ئورىيا** (尿素) **نى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى:** (1) دانچىلارنىڭ شەكلىگە قاراش. ئورىيا دانچىسىمان بولۇپ، چوڭ دانچىلىق ۋە كىچىك دانچىلىق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ؛ (2) رەڭگىنى كۆزىتىش. ئورىيا دانچىلىرى ئادەتتە رەڭسىز، سۈزۈك ھالەتتە بولۇپ، تەركىبىدە ئارىلاشما بارلىرى سۇس سېرىق رەڭدە بولىدۇ؛ (3) پۇراپ بېقىش. ئورىيانىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق پۇراق بولمايدۇ؛ (4) ئېرىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش. ئورىيا سۇدا ناھايىتى ئاسان ئېرىيدۇ، ئېرىگەندە سىرتتىن ئىسسىقلىق سۈمۈرىدۇ. ئېرىتمە قاچىلانغان ئەينەك ئىستاكان ياكى چىنىگە قولنى تەگكۈزسە سوغۇق ياكى سالقىن تۇيۇلىدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسىدە نېيتراللىق كۆرۈلىدۇ؛ (5) نەملىكتىن يېمىرىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش. ئورىيا ناھايىتى ئاسانلا نەم-

---

نىڭ يۆتكىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ بىر قېتىم، فوسفور ئوغۇتى ئىككى قېتىم، سىنك، مىس، بور، كالتسىي قاتارلىقلارنىڭ يۆتكىلىشى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن 2~3 قېتىم پۈركۈش لازىم.

9. تەڭشەلگەن 60~70 كىلوگىرام ئوغۇت ئېرىتمىسىگە 30~40 گىرام نېيترال خۇسۇسىيەتلىك سوپۇن پاراشوكى قوشۇپ پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

10. ئورىيا بىلەن كالىي دىھىدرو فوسفاتنى ۋە باشقا ئارىلاشتۇرۇشقا بولىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى قوشۇپ پۈركۈگەندە تەننەرخى ۋە ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ.

11. يۇمران يوپۇرماقلارغا تۆۋەنرەك قويۇقلۇقتا، يېتىلگەن يوپۇرماقلارغا يۇقىرىراق قويۇقلۇقتا، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپ رايونلاردا يۇقىرىراق، ئەكسىچە بولغاندا تۆۋەنرەك قويۇقلۇقتا تەڭشەپ ئىشلىتىش لازىم. (05)

لىك سۇمۇرىدۇ، سىرتتا 12 سائەتتىن ئارتۇق قويسا ئورىيا دانچىلىرى سۇغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ (6) ياپىلاق تۆمۈردە كۆيدۈرۈش. تۆمۈر پارچىسىنى قىزدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق ئورىيا دانچىلىرىنى قويسا، ئوغۇت ئېرىگەچ ئاق ئىس چىقىرىدۇ ھەم بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان ئاممىياك پۇرىقى چىقىدۇ، ئېرىپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈر ئۈستىدە ھېچنېمە قالمايدۇ.

**2. كالىي سۇلفات** (硫酸钾) **نى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى:** (1) كالىي سۇلفات كىرىستال ھالەتتە بولىدۇ؛ (2) كالىي سۇلفات ئادەتتە ئاق رەڭلىك بولىدۇ، سارغۇچ كۆل رەڭ، تۇتۇق يېشىل ياكى سۇس قوڭۇر رەڭلىكلىرىمۇ بار؛ (3) كالىي سۇلفات ئاساسىي جەھەتتىن نەملىك سۇمۇرمەيدۇ. ھاۋانىڭ نەملىك دەرىجىسى 70% تىن يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. (بۇ كالىي سۇلفاتنى كالىي خىلوردىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىدۇر)؛ (4) كالىي سۇلفاتنىڭ سۇدا ئېرىشچانلىقى كۆزىتىلىدۇ. كالىي سۇلفات سۇدا ئېرىيدۇ، بىراق ئېرىش سۈرئىتى كالىي خىلوردىن ئاستا، ئېرىش مىقدارىمۇ كالىي خىلوردىن ئاز (بۇمۇ كالىي خىلور بىلەن كالىي سۇلفاتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى) بولىدۇ؛ (5) قىزدۇرۇلغان تۆمۈر پارچىسىغا ئازراق كالىي سۇلفاتنى قويۇپ كۆيدۈرگەندە كالىي ئىيونىدا بولىدىغان بىنەپشە رەڭلىك يالقۇن چىقىدۇ؛ (6) pH قىممىتىنى ئۆلچەش. pH سىناق قەغىزىنى كالىي سۇلفات ئېرىتمىسىگە سالغاندا ئەلا سۈپەتلىكى بىلەن 1 ـ دەرىجىلىكى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتتە بولۇپ، سىناق قەغىزى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ لاياقەتلىكى ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتتە بولۇپ، pH سىناق قەغىزى كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. (05)

# كېۋەزنى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار

روشەنگۈل ياسىن   زەينۇرە ئىسمائىل
(كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

كېۋەزنى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، ئوغۇتنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش رولىدىن تولۇق پايدىلانغاندا، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كېۋەزنى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم.

1. ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. كېۋەز ئادەتتە مايسا مەزگىلى، غۇنچىلاش مەزگىلى ۋە غوزىلاش مەزگىللىرىدە قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. تەۋەيىمىزدە كېۋەزنى مايسا مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا، كېۋەز ئۈچ تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقىرىشتىن باشلاپ غۇنچىلاش مەزگىلىگىچە، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە 1 ـ 2 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. غۇنچىلاش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا كېۋەز غۇنچىلىغاندىن تارتىپ چېچەكلىگىچە، يەنى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىگىچە ئوغۇتلاش كېرەك. غوزىلاش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا كېۋەز 1 ـ 2 دانە غوزىلىغاندىن باشلاپ، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 8 ـئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. بۇلاردىن باشقا قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا يامغۇر، تېمپېراتۇرا، شامال ۋە ھاۋا نەملىكى قاتارلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. كېۋەز يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىپ 4 ـ 5 سائەت ئىچىدە ئوغۇت ئېرىتمىسىنى ئۆزىگە تولۇق قوبۇل قىـ

لىدۇ، ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە يامغۇر يېغىپ قالسا، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئوغۇتلاش لازىم. تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى ۋاقىتتا يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلىماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كېۋەزنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قېلىپ، ئوغۇتنى تولۇق سۈمۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا پارلىنىش كۆپ بولىدۇ. كۈچلۈك شامال چىققان ۋاقىتتىمۇ قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا بولمايدۇ.

ھاۋانىڭ نەملىكى يۇقىرى، يوپۇرماقلاردا سۇ تامچىلىرى بولغان ياكى شەبنەم قۇرۇمىغان ۋاقىتتىمۇ قوشۇمچە ئوغۇتلىماسلىق لازىم، ئۇنداق بولمىغاندا ئوغۇتلار يوپۇرماقتىن سىرغىپ چۈشۈپ كېتىپ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

2. ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئىشلىتىلىش قويۇقلۇقىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى كېۋەز تۈپىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئېنىقلاش لازىم. مەسىلەن: كېۋەز مايسا مەزگىلىدە 100 ـ 150 گىرام كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، 200 گىرام ئورىيا (尿素) 35 ـ 40 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈلىدۇ. غۇنچىلاش مەزگىلىدە بولسا 150 ـ 200 گىرام كالىي دىھىدرو فوسفات، 300 ـ 400 گىرام ئورىيا 40 ـ 45 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈلىدۇ. غوزىلاش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا كېۋەزنىڭ ئۇچى ئۈزۈلۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھەر مو يەرگە كالىي دىھىدرو فوسفاتتىن 200 ـ 250 گىرام، ئورىيادىن 400 ـ 450 گىرام، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) دىن 4 ـ 5 گىرامنى 45 ـ 50 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى پۈركۈش لازىم، ئورىيانىڭ قويۇقلۇقى 1% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. (05)

# زىرائەتلەردىكى ئېلېمېنت يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى

دىلخۇمار تاشمەمەت
(غۇلجا شەھىرى باغۋەنچىلىك پونكىتىدىن)

**1.ئازوت كەملىك:** زىرائەتتە ئازوت كەم بولسا، تۆپى تەرەققىي قىلالمايدۇ، يوپۇرماق ئاچ يېشىل ھەم سېرىققا ئۆزگىرىدۇ، باشقى قىسقا، كىچىك، دان سانى ئاز ھەم پۇچەك بولۇپ قالىدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە زىرائەتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يوپۇرماقلار سارغىيىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۈستىدىكى يوپۇرماقلارغا كېڭىيىدۇ. بۇ چاغدا يىلتىزدىن ھەم يوپۇرماق سىرتىدىن ئورىيا (尿素) ۋە ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن ئوغۇتلىسا بولىدۇ.

**2. فوسفور كەملىك:** زىرائەت تېنىدە فوسفور كەم بولسا، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، تۆپى پاكار، شاخلىنىشى ئاجىز بولىدۇ. فوسفور كەم بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە يوپۇرماق سۇس يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ، كېسەللىككە چىداملىقى ئاجىزلىشىدۇ. بۇ چاغدا كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)نى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بەرسە بولىدۇ يوپۇرماق سىرتىدىن پۈركۈپ ئوغۇتلىسىمۇ بولىدۇ.

**3. كالىي كەملىك:** زىرائەتتە كالىي يېتىشمىسە زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، پاكارلايدۇ، ئادەتتە كالىي كەملىك ئىپادىسى ئادەتتە زىرائەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە ئىپادىلىنىدۇ. كالىي يېتىشمىگەندە زىرائەتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يوپۇرماقلار يېشىللىقىنى يوقىتىپ قۇرۇيدۇ، باشقا يوپۇرماقلار پارقىراقلىقىنى يوقىتىپ، ئاچ يېشىل رەڭگە كىرىدۇ. قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق تومۇرى ئارىسىدا يېشىللىق يوقىلىدۇ، يوپۇرماق قىرنى بويلاپ سارغىيىدۇ. قارامتۇل داغ ھەم سىزىقلار پەيدا بولىدۇ، بارغانسېرى يوپۇرماق تومۇرى ئارىسىغا كېڭىيىدۇ. تاق پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەردە يوپۇرماق ئۇچى ئاۋۋال سارغىيىدۇ. ئاندىن بارا ـ بارا يوپۇرماق تۆكۈ-

لىدۇ. بۇ چاغدا كالىي سۇلفات (硫酸钾) نى يىلتىز سىرتىدىن چۈنەكلەپ ياكى ئۇۋۇلاپ بەرسە ياكى يوپۇرماقتىن پۈركۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

**4. كالتسىي كەملىك:** زىرائەتكە كالتسىي يېتىشمىسە ئالدى بىلەن يۇمران ئەزالار تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئۆسۈش نۇقتىسى بۇزۇلىدۇ، يوپۇرماق مەركىزىدىن تارتىپ قۇرۇشقا باشلايدۇ. بەزى زىرائەتلەردە كالتسىي كەم بولسا يېڭى يوپۇرماقلار تەرەققىي قىلالمايدۇ، قېرى يوپۇرماقلاردا ئېقىش كۆل رەڭ داغ پەيدا بولىدۇ، يوپۇرماق تومۇرىنىڭ رەڭگى قارامتۇللىشىپ، يوپۇرماق ساپىقى بوشاپ تۆۋەنگە ساڭگىلايدۇ، بەزى زىرائەتلەردە كالتسىي كەم بولسا يوپۇرماق مەركىزى كۆيگەندەك بولۇپ قالىدۇ. تولۇقلاش ئۈچۈن كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) ئوغۇتى بىلەن يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش كېرەك.

**5. ماگنىي كەملىك:** ماگنىي كەم بولسا بەزى ئۆسۈملۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ تومۇرلىرى ئارىسىدا سۇس سېرىق سىزىق-چىلار پەيدا بولىدۇ، كېيىن ئاق سىزىقچىلارغا ئايلىنىدۇ. زىرائەت تې-نىدە ماگنىي ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىسە يوپۇرماق تومۇرلىرى ئارىسى-دىكى توقۇلمىلار قۇرۇپ ئۆلىدۇ. بىنەپشە قىزىل يوپۇرماق داغلىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگى سۇسلىشىدۇ. بۇ چاغدا ماگنىي سۇلفات (硫酸镁)ئوغۇتىنى يوپۇرماق سىرتىدىن پۈركۈش كېرەك.

**6. تۆمۈر كەملىك:** بەزى ئۆسۈملۈكلەر تۆمۈر ئېلېمېنتىغا بەك سەز-گۈر كېلىدۇ. تۆمۈر كەم بولغاندا ئوخشاشلا يوپۇرماق تومۇرلىرى يېشىللى-قىنى يوقىتىدۇ، يوپۇرماقتا سىزىقچىلار پەيدا بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا يېڭى يوپۇرماق ئۆسەلمەيدۇ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى ناچارلىشىدۇ، كېچىكىپ پى-شىدۇ.تولۇقلاش ئۈچۈن 0.1% ـ 0.2% لىك تۆمۈر سۇلفات (硫酸铁) ئې-رىتمىسىنى يوپۇرماق ئوغۇتى قىلىپ پۈركۈش لازىم. (05)

# سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى

ئانىقىز روزى   بۇھەجەر ئىسلام
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرەك نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانسا، قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەتىيازدا ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان، قۇرغاقچىلىق بىر قەدەر ئېغىر، شامال كۆپ چىقىدىغان، سۇنىڭ پارلىنىشى كۆپ بولغان رايونلاردا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرەك نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۆچەت يېتىشتۈرگەندە، شۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا پەرۋىشنى كۈچەيتىشتىن سىرت، يەنە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ.

**1. ئەھمىيىتى:** (1) سۇلياۋ يوپۇق تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تېمپېراتۇرا ئاساسەن تۇراقلىشىدۇ، بۇ ۋاقىت قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىشىغا پايدىلىق بولۇپ، قەلەمچە ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قەلەمچە قىلىش ۋاقتى 10 ـ 15 كۈنگىچە بالدۇر، يىلتىز تارتىشى ئوچۇقچىلىق يەردىكىگە قارىغاندا 25 كۈن بۇرۇن، ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قەلەمچە قىلغاندا ئۆسۈشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بىر يىلدا ئىككى قېتىم بولىدۇ، ئوچۇقچىلىق يەردىكىنىڭ بىر قېتىم بولىدۇ ھەمدە ئۆسۈشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئالدىغا سۈرۈلىدۇ؛ (2) تۇپراق نەملىكىنى ساقلايدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ياپقاندا تۇپراقنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ نەملىكىنى ئۇزاققىچە ساقلىغىلى بولىدۇ. (3) ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ياپقاندىن كېيىن يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھاۋا ئۆتۈشۈشمىگەنلىكتىن، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسەل-

مەيدۇ، ئوت ئوتاش ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. (4) سولياۋ يوپۇق ياپسا قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى، لاياقەتلىك كۆچەت (ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، يىلتىز بوغۇزىنىڭ دىيامېتىرى 1.5 سانتىمېتىرغا يېتىدىغان كۆچەتنى كۆرسىتىدۇ) ئوچۇقچىلىق يەردىكىگە قارىغاندا 50% يۇقىرى بولىدۇ؛ (5) كۆچەت تېز يېتىلىدۇ. سولياۋ يوپۇق يېپىپ قىلغان قەلەمچىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ بوشلۇقتا ئىگىلىگەن كۆلىمى چوڭ، نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولى كۈچلۈك، ئۆسۈش مەزگىلى ئۇزۇن، يىلتىزى تەرەققىي قىلغان، كۆچەت تېنىنىڭ ياغاچلىشىشى يۇقىرى بولىدۇ، كۆچەت ئېگىزلىكى ئادەتتىدىكى كۆچەتلەردىن 30% كىچە ئېگىز، دىيامېتىرى 20% كىچە توم بولىدۇ.

**2. ئۇسۇلى:** قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان يەرنى مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن، 10 ـ 15 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، تۆت مېتىر كەڭلىكتە كاندۇك تەييارلاپ، بىر تەرەپتىن سولياۋ يوپۇقنى پۈرلەشتۈرمىگەن ئاساستا چىڭ تارتىپ يەر يۈزىگە چاپلاشتۇرۇپ يېپىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قەلەمچىنى تىكىش كېرەك. قەلەمچىنىڭ يەرگە سانچىلىدىغان تەرىپىنى قىيپاش، ئۈستىنى تۈز قىلىپ 20 ـ 22 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ تەييارلاش ھەم تۈپ ئارىلىقىنى 15 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقىنى 80 سانتىمېتىر قىلىش كېرەك. بىر مو يەرگە 5500 تال قەلەمچە تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. قەلەمچىنى تىكىشتىن بۇرۇن، ئىنچىكە ـ تومۇلۇقى قەلەمچە بىلەن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بىر تال تاياقنى ياسىۋېلىپ، سانچىپ تۆشۈك ئېچىپ، ئاندىن قەلەمچىنى تىكىش كېرەك، چۈنكى قەلەمچىنى بىۋاستە سانچىغاندا سولياۋ پارچىسى قەلەمچىنىڭ ئۇچىغا يېپىشىۋېلىپ يىلتىز تارتىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەلەمچىنى سانچىپ بولغاندىن كېيىن سۇغىرىش كېرەك، قەلەمچە بىخ سۈرۈشكە باشلىغاندا سولياۋدىن بىخلىرىنى چىقىرىپ، ئېچىلغان تۆشۈكنى توپا بىلەن ھەم ئېتىپ، ئوت ـ چۆپ ئۆسۈۋېلىشىنىڭ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. تۇپرىقى

# كېۋەز كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى

نۇرگۈل سەلەي
(ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**زىيان سېلىش ئالامىتى:** كۆك پىت كېۋەز يوپۇرمىقىنىڭ كەينىگە يا ـ كى يۇمران ئۇچىغا قادىلىپ شىرنىسىنى سۈمۈرۈپ زىيان سالىدۇ، مايسا مەزگىلىدە زىيان سالسا، كېۋەزنىڭ يوپۇرمىقى قۇرۇلىدۇ، ئۆسۈشى ئاس ـ تىلاپ، چېچەكلەپ غوزىلىشى كېچىكىدۇ. توپ بولۇپ شەكىللىنىش مەزگىـ لىدە زىيانغا ئۇچرىسا ئۇستىدىكى يوپۇرماقلار قۇرۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى يو ـ پۇرماقلار مايلىشىپ، يوپۇرماق يۈزىنى بۇلغاپ، نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئاستىدىكى يوپۇرماقلار سارغىيىپ قۇرۇلۇپ تۆكۈلىدۇ، چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە زىيانغا ئۇچرىسا غۇنچە ۋە غوزىلار تۆكۈلىـ دۇ. غوزا ئېچىلىش مەزگىلىدە زىيانغا ئۇچرىسا كېۋەز كۆك پىتى ئاجرىتىپ چىقارغان شىلىمشىق ماددىلار پاختا تالاسىنى بۇلغاپ، پاختا تالاسىنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ئېـ تىزدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى تازىلاپ، پارازىت غوجا ئۇسۇملۇكىگە ئوك ـ سىدلانغان روگور (氧化乐果) نى پۈركۈش لازىم؛ (2) پارنىك ـ سۇلياۋ قۇرغاق بولسا 15 كۈن ئەتراپىدا بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدا سۇلياۋ يوپۇقنى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىش كېرەك. سۇلياۋ يوپۇقنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن بىر قېتىم ھەر مو يەرنى 15 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە يەنە بىر قېتىم ئوغۇتلاپ سۇغىرىش كېرەك. كۆچەتنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ يەنە ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، كېسەللىك، زىياندash ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش كېرەك. (05)

لاپاس ۋە ئۆي ئىچىدىكى قىشتىن ئۆتىدىغان كېۋەز كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىپ، كېلەر يىلى پەيدا بولىدىغان كېۋەز كۆك پىتىنىڭ مىقدارىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىش ئۈچۈن، ھەر مو يەرگە 10 تال سېرىق تاختاي ئېسىش كېرەك؛ (3) زىرائەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تېرىپ، ئىمكانقەدەر كېۋەز بىلەن بۇغداينى كىرىشتۈرۈپ ياكى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، تېرىش، كېۋەز ئېتىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىچا، زارائىزا، چىلگە قوناق ۋە بىدە قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ، يەتتە داغلىق خانقىز، يوللۇق داغلىق خانقىز، ئالتۇن كۆز، سېرىق ھەرە، چوڭ پۈتلۈق ھەرە، كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن، كىچىك قارا ئۆمۈچۈك، ئۈچ توپچىلىق ئۆمۈچۈك، سەككىز داغلىق شاراسمان قورساقلىق ئۆمۈچۈك، قىزىل كۆز ھەرە، كۆك پىت غوزەك ھەرىسى قاتارلىق كۆشەندە ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ ۋە كۆپەيتىپ، كېۋەز كۆك پىتى يامراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ (4) 6 ـ ئايدا يەنى كېۋەزنىڭ تۈنجى سۇيىدىن بۇرۇن، ھەر مو ئېتىزغا 3% لىك تېمىك (铁灭威) دانچە دورىسىدىن 350 گىرام ئېلىپ، كېۋەز تۈپىدىن 10~15 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 10~15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەكلەپ كۆمۈش كېرەك؛ (5) 8 ـ ئايدا كېۋەزنى كولتىۋاتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر مو ئېتىزغا 100~150 گىرام 80% لىك «د د ۋ» غا 30~40 كىلوگىرام يىرىك توپا ياكى ھەرە كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ، زەھەرلىك توپا تەييارلاپ، كەچقۇرۇن كېۋەزنىڭ تۈپ، قۇر ئارىلىقلىرىغا سېپىپ، كېۋەز كۆك پىتىنى دىمىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش لازىم. (03)

# پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىش ئۇسۇلى

تۇرسۇنگۈل تۇردى
(قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. سورت تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەلگە چىداملىق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم.

2. ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن قىزىق سۇغا چىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى شارائىتى يار بەرسە دورا ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم.

3. كۆكتاتلارنى تېرىش ۋە مايسا كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن تۇپراق ۋە پارنىك ئىچىنى دېزىنفېكسىيەلەش لازىم.

4. ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم تولۇق چىرىتىپ، مىكروبسىزلاندۇرۇپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

5. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ توك ياتقۇزۇش ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ، قورچاق، تۇخۇملارنى يوقىتىش لازىم .

6. نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يۇقىرى نەملىك، يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا، مۇۋاپىق سۇغىرىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

7. ئەگەر باشقا ئورۇنلاردىن مايسا يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كەلسە، مايسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى، كېسەللىك، ھاشارات بار ـ يوقلۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئاندىن كىرگۈزۈش لازىم.

8. مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يەنى پارنىك ئىچىدىكى كۆكتاتلارنىڭ قېرى يوپۇرماقلىرىنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىش ھەمدە كۆكتات قالدۇقىنى پاكىز تازىلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم. شۇنداقلا پارنىك ئىچى ـ سىرتىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى پات ـ پات يۇلۇپ پارنىكنى پاكىز تۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

9. مايسا كۆچۈرگەندە تۈپ ئارىلىقىنىڭ زىچ بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم.

10. پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى 85% دىن يۇقىرى بولغاندا، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى تېز بولۇپ، زەمبۇرۇغ تىپتىكى كېسەللىك كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى يەنە بەزى كۆكتاتلارغا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. (03)

# پارنىك ئاق توزان پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئابلىكىم ئەمەت
(ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاچىتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

پارنىك ئاق توزان پىتىنىڭ يېتىلگەن ھاشارات ۋە لىچىنكىسى كۆكتات مايسىسىنىڭ يوپۇرماق ئارقىسىغا زىچ توپلىشىپ، شىرنە سۈيۈقلۇقىنى سۈمۈرۈش، يوپۇرماقنىڭ سولىشىپ قېلىش، يېشىللىقىنى يوقىتىش، سارغىيىپ قېلىش ھەتتا قۇرۇپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە، شىلىمشىق سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ، يوپۇرماق ۋە مېۋىنى بۇلغاپ، كۆكتاتنىڭ فوتوسىنتېز رولىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، ۋىرۇس كېسىلىنى پەيدا قىلىپ، %10ـ %30 گىچە مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. شۇڭا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**1. ياشاش ئادىتى:** پارنىك ئاق توزان پىتى بىر يىلدا 10 ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ، قىش پەسلى پارنىكتا قىشتىن ئۆتۈپ كۆكتاتلارغا داۋاملىق زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى قورچاق قېپىدىن چىقىپ 1 ـ 3 كۈنگىچە جۈپلىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ، چىشى ھاشارات تەخمىنەن 142~324 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ، ئۇرۇقسىزمۇ كۆپىيەلەيدۇ. يېتىلگەن ھاشارات يۇمران يوپۇرماققا ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، كۆكتاتنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۈستىدىكى يۇمران يوپۇرماققا تۇخۇم تۇغىدۇ. شۇڭا ئاق توزان پىت كۆكتاتلاردا مايسا ئۈچىدىن ئاستىغا قارىتا تارقىلىش ھالىتى بولسا: يېشىل رەڭلىك يېڭى تۇخۇم، قارىدىغان تۇخۇم، تۆۋەن ياشلىق ئارا لىچىنكا، چوڭ ياشلىق ئارا لىچىنكا، يالغان قورچاق، قورچاق قېپىدىن يېڭى چىققان يېتىلگەن قۇرتتىن ئىبارەت. مۇقىم 24℃ لۇق شارائىتتا ئاق توزان پىتىنىڭ ھەر خىل ھالىتىدىكى يېتىلىش ۋاقتى مۇنداق: تۇخۇم ھالىتىدىكى ۋاقتى يەتتە كۈن، بىر ياشلىق ئارا لىچىنكا ۋاقتى بەش كۈن، ئىككى ياشلىق ئارا لىچىنكا ۋاقتى ئىككى كۈن، ئۈچ ياشلىق ئارا لىچىنكا ۋاقتى ئۈچ كۈن، يالغان قورچاق ۋاقتى سەككىز كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاق توزان پىتىنىڭ كۆپىيىشىگە 18℃ ـ 21℃ گىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ پايدىلىق بولۇپ، پارنىك ئىچىدە تەخمىنەن بىر ئايدا بىر قېتىملىق ئەۋلاد قال-

دۇرۇشنى تاماملايدۇ. كۆزدە سانى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، كاۋا، پىدد-
گەن، پۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارغا مەركەزلىك زىيان يەتكۈزىدۇ. قىش
پەسلى پارنىك ئىچى كۆكتاتلاردىكى ئاق توزان پىتى ۋە ھەر خىل ھالەتتى-
كى لىچىنكىلىرى بولسا ئەتىياز پەسىللىك كۆكتاتلاردىكى ئاق توزان
پىتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى. بۇنىڭدىن باشقا كۆكتات مايسىسىنى
پارنىكقا تىكىش بىلەن بىللە مۇنداق ئۈچ خىل يول ئارقىلىق تارقىلىدۇ:
(1) مايسا يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە ئاق توزان پىتى مايسىغا تۇخۇم تۇغۇپ
زىيان سېلىپ، مايسىنى يۆتكەپ تىكىش ئارقىلىق تارقىلىدۇ؛ (2) پارنىك
ئىچىگە ئارىلاش تىكىلگەن كۆكتاتلار ۋە ياۋا ئوت-چۆپتە پارازىت ياشاش
ئارقىلىق تارقىلىدۇ؛ (3) يېتىلگەن ئاق توزان پىت سىرتتىن پارنىك ھاۋا
تۆشۈكى ۋە ئىشىكتىن ئۇچۇپ كىرىپ تارقىلىدۇ. شۇڭا ھاشارات مەنبەسى-
نى يوقىتىپ، لىچىنكىسىز مايسا يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئالدىنى
ئېلىش تەدبىرىدۇر.

**2. ئاساسلىق پارازىت كۆكتات تۈرلىرى:** ئاق توزان پىتى ئۇزۇقلۇ-
نىشقا ئامراق ۋە ئاسان زىيان سالىدىغان كۆكتاتلاردىن تەرخەمەك، قورۇما
كاۋىسى، پەمىدۇر، پىدىگەن، يېسى پۇرچاق، بۆلجۈرگەن، قوغۇن ـ تاۋۇز
قاتارلىقلار بار. پارازىت زىيىنى يېنىك كۆكتاتلاردىن تۇرۇپ، كۆك مۇچ،
جاڭدۇ، كەرەپشە قاتارلىقلار بار. تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق يوپۇرماق
تۈرىدىكى كۆكتاتلار پارازىت زىيانغا ئۇچرىمايدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى:** ئاق توزان پىتىنىڭ
ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالدىنى
ئېلىش ـ يوقىتىشنى ئاساس قىلىپ، كۆكتات پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ھا-
شارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان مايسا يېتىشتۈرۈش كېرەك. قوشۇمچە مۇۋا-
پىق دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، شۇنداقلا بىيولوگىيەلىك
ۋە فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك.
(1) دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش: ① كې-
سەللىك ئېغىر پارنىكلارغا كەرەپشە، كۈدە قاتارلىق ئاق توزان پىتى زىيان
سالمايدىغان كۆكتاتلارنى تېرىش، تەرخەمەك، شوخلىنى ئاز تېرىش لازىم: ②
مايسا يېتىشتۈرۈش ئۆيى ئايرىم بولۇش، دورا بىلەن ئىسلاش، قالدۇق

قۇرت، لىچىنكىلارنى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى پاكىز تازىلاش، شامالدىتىش تۆ ـ شۈكى ۋە ئىشىككە تور تارتىش كېرەك؛ ③ تەرخەمەك، شوخلا، سەيپۇرچاق ـ نى ئارىلاش تېرىماسلىق كېرەك؛ ④ پارنىك ئەتراپىغا ئىمكانقەدەر ئاق توزان پىتى ئامراق پىدىگەن تۇرىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىماسلىق، كرېسنت گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىپ ھاشارات مەنبەسىنى ئازاي ـ تىش لازىم. (2) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش: ئاق توزان پىتى بىر خىل كۆكتاتتا ھەر خىل لىچىنكا ھالەتتە تەڭ مەۋجۇت بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولمايدۇ، شۇڭا دورىنى ئودا بىرنەچچە قېتىم چېچىش كېرەك. ① 20 % لىك يېبىڭۋېي يەنجى(异丙威烟剂) ئارقىلىق ئىسلاش لازىم؛ ② ئالىكا سۇتسىمان دورىسى (阿立卡) نى ھەرمو يەرگە 5 ـ 10 مىلىلىتىر، فۇگې (福戈) نەملىنىشچان پاراشوك دورىسىدىن ھەرمو يەرگە 6 ـ 8 گىرامنى 30 لىتىر سۇدا ئېرىتىپ پۈركۈش كې ـ رەك؛ ③ 10 % لىك بىچوڭلىن نەملىنىشچان پارشوك دورىسى (吡虫啉可湿性粉剂)نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كې ـ رەك. (3) بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش: ئاق توزان پىتىنىڭ كۈشەندىسى ئېنكارسىيا (丽蚜小峰) نى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىپ، ھەر ـ تۈپ مايسىدا بەش تال يېتىلگەن ئاق توزان پىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ھەرمو پارنىكقا 2000 تالدىن ئارتۇق ئېنكارسىيانى 10 نۇقتىغا بۆلۈپ قو ـ يۇپ بېرىش، پارنىك ئىچىدە كۈشەندە توپى ھاسىل قىلىپ، ئاق توزان پى ـ تىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (4) فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ئاق توزان پىتى سېرىق رەڭگە كۈچلۈك ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە، شۇڭا پارنىك ئىچىگە سېرىق تاختا ئېسىش ئارقىلىق، يېتىلگەن قۇرتنى ئالداپ يوقىتىش، يەنى ھەرمو پارنىكقا 23 ـ 34 گىچە سېرىق تاختىنى مايسا ئېگىزلىكى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتە ئېسىش كېرەك. سېرىق تاختا بىلەن ئېنكارسىيانى تەڭ ئىشلىتىش ھەمدە ساغلام مايسا كۆچۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئاق توزان پىتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ تارقالغاچقا، بىر رايوندا بىرلا ۋاقىتتا بىرلىكتە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقى ـ تىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (03)

# كۆكتات ئېتىزىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈنۈپ بەرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئەركىن نىياز
(چەرچەن ناھىيە قورامىلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. يەرگە توجۇپلەپ ئىشلەپ، كۆكتات ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت، ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈشىگە ناچار شارائىت هازىرلاش لازىم.

2. تولۇق چىرىگەن، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى يوق ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش لازىم.

3. ئەتىيازلىق، يازلىق كۆكتاتلارنى قارا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىسا، ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ.

4. خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك. كۆكتاتلارنىڭ تۈرى ۋە سورتى كۆپ، ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوت-چۆپ يوقىتىدىغان دورىلارغا بولغان ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، لېكىن پىدىگەن ئائىلىسىدىكى، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىشتىن بۇرۇن ياكى كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن تىرىفلورالىن (氟乐灵)، پىندىمېتالىن (除草通)، دۇئال (都尔)، قاتارلىقلارنى ئۆلچەم بويىچە سۇيۇلدۇرۇپ تۇپراققا چېچىپ تېرىسا ياكى كۆچۈرسە ئوت - چۆپ ئۈنۈپ چىقمايدۇ.

پۇرچاق ئائىلىسىدىكى يېسسى پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، تۈكلۈك پۇرچاق قاتارلىقلارغا؛ گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۈدە، پىياز، سامساق ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى تۇپراققا چېچىپ تىرنىلاپ تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ مايسىنى كۆچۈرسە، ئوت - چۆپ ئۈنۈپ چىقمايدۇ. كۆكتاتلار مايسا مەزگىلىدە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتسە يۇقىرى ئۈنۈملۈك گاللانت (高效盖草能)، نابو (拿捕)

# سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان شوخلىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

مەختۇمخان بارات

(خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

1. مايسا مەزگىلىدە ئاساسلىقى تىك قۇرۇش كېسىلى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەل پەيدا بولغان ھامان ھەر مو يەرگە 64% لىك ساندۇفان دورىسىنى 500 ـ 600 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ياكى يىلتىزغا قۇيۇش ئارقىلىق بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مايسا مەزگىلدە ھاشاراتلاردىن ئاساسلىقى يەر يولۋىسى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئوت ئوتاشقا بىرلەشتۈرۈپ ھاشاراتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى يوقىتىش ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى جۈ جى (菊酯) تۈردىكى دورىلارنى چېچىش ياكى يىلتىزغا قۇيۇش ئارقىلىق بۇ ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. ئۆسۈش مەزگىلىدە ۋىرۇس كېسىلى، ۋابا كېسىلى قاتارلىقلار كۆپ-

قاتارلىق مەخسۇس باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىدىغان دورىلارنى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىغا چاچسا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. پىدىگەن ، مۈچ قاتارلىقلارنىڭ مايسىسىنى چوڭ ئېتىزغا كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن 33% لىك پېندىمېتالىندىن 150 ـ 200 مىللىلىتىر ياكى 48% لىك ئالاخلور (拉素) دىن 150 ـ 250 مىللىلىتىر ئېلىپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تۇپراققا چېچىپ، ئاندىن مايسىنى كۆچۈرسە ئوت ـ چۆپ بىر مەزگىل ئۈنۈپ چىقمايدۇ. لېكىن ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەندە كىچىك كۆلەمدە تەجرىبە قىلىپ، ئۈنۈمى كۆرۈلسە ئاندىن كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىش كېرەك. (03)

رەك كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: (1) ئۇرۇقنى 52℃ لۇق ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا يېرىم سائەت چىلاپ ئاندىن تېرىش لازىم؛ (2) دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىش: 75% لىك تېرىمىل (百菌清) دورىسىنى 600 ھەسسە، 70% لىك زىنېب (代森锰锌) دورىسىنى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن 2 ـ 3 قېتىم چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بۇ مەزگىلدە زىياندાش ھاشاراتلاردىن كېۋەز غوزا قۇرتى، كۆك پىت قاتارلىقلار كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا: ① دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا، كۈزدە يەر ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش ئارقىلىق قىشلىغان ھاشارتىنى يوقىتىش لازىم؛ ② كۆممىقوناق بەلبېغى ئارقىلىق يوقىتىش، يەنى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەر 100 تۈپتىكى تۇخۇم سانى 20 تالغا يەتكەندە جۇ جى تۈرىدىكى دورىلارنى چېچىش ياكى 2.5% لىك گۇڭ فۇ (功夫) دورىسىنى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ③ كۆك پىت غوزا قۇرتى بىلەن بىرگە پەيدا بولسا 2.5% لىك گۇڭ فۇ دورىسىنى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش: بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شۇمبۇينىڭ زىيىنى بىرقەدەر ئېغىر بولماقتا. بۇ بىر خىل پارازىت ئۆسۈملۈك بولۇپ، زىرائەتنىڭ يىلتىزدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئالدىنى ئېلىش يوقىتىشتا: (1) ئادەم كۈچى ئارقىلىق يۇلۇپ يوقىتىش؛ (2) شۇمبىيىنى كېسىۋېتىپ 10% لىك ساۋگەن لىن (草甘膦) دورىسىنى 10 ـ 20 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ كېسىلگەن غولغا سۈرۈپ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. (05)

# يالغۇز سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ھەمراگۈل نېسىر

(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ يىلتىز سىستېمىسىدا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش كۆلىمى كېڭىيىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ خىل كېسەللىكلەرگە دىققەت قىلىپ، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا قوللىنىش لازىم.

1. ئالدىنقى ئېكىنزنى پاكىزە يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پارنىك ئىچىنى ھاشارات ۋە باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى ئىسلاش دورىلىرى بىلەن 1 - 2 قېتىم ئىسلاش لازىم. قىر سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ باۋىستىن (多菌灵)، دىكسون (敌克松) قاتارلىق باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىپ، تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك.

2. ئاساسىي ئوغۇت بېرىشتە تولۇق چىرىتىلگەن ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، كالىي، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

3. ھەر يىلى مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4. تېخنىكا تەلەپ بويىچە قىر سېلىپ، قىر ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش كېرەك.

5. كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش، تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، تىمەن مايسىلارنى تاللاپ تىكىش، مايسىنى ئۆلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

6. مۇۋاپىق سۇغىرىش، مۇمكىن بولسا تېمىتىپ سۇغىرىش كېرەك.

7. شاخنى ۋاقتىدا پۇتاش ۋە يىلتىز بوغۇمى ئۈستىدە يوپۇرماق قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

8. پارنىك تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

9. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاشۇ تۈپنى يۇلۇۋېتىپ، شۇ ئورۇنغا ھاك چېچىپ ئورەكنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى دورا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. (03)

# چىلان دەرىخىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل تۇردى
(ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ئاساسلىق كېسەللىكلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** چىلان دەرىخىدە ئاساسلىق كېسەللىكلەردىن چىلاننىڭ غۇزمەك شاخلىنىش كېسىلى، چىلان دات كېسىلى، چىلان قوڭۇرداغ كېسىلى ۋە چىلان كۆيۈدۈرگە كېسىلى قاتارلىقلار كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكلەر ئاساسلىقى ئۇلاش جەريانىدا ۋە يوپۇرماق تومۇزغىسى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. يەر قۇرغاق، ئۇنۇمسىز، ئوغۇتلاپ سۇغىرىش شارائىتى، باشقۇرۇشى ناچار، كۆچەت ئاجىز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بۇ خىل كېسەللىك يامرايدۇ. كېسەللىك كۆرۈلگەندىن كېيىن چىلان دەرىخىنىڭ نورمال ئۆسۈشى بۇزۇلۇپ، ئىچكى ھورمۇن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، يوپۇرمىقى سارغىيىپ، كىچىك شاخلار بىراقلا كۆپ ئۆسۈپ، قىشتا يوپۇرماق سولۇشۇپ چۈشمەي، غەيرىي مېۋىلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك يىلتىز قىسمىدا كۆرۈلسە، يىلتىزدىن تۈپلىنىش كۆچىيىپ كېتىدۇ. ئادەتتە چىلان دات كېسىلى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، بۇ خىل كېسەللىك پەقەت يوپۇرماقلا زىيان سېلىپ، كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماق ئارقا يۈزىدە سۇس يېشىل كىچىك داغلار پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا سۇس قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا :** (1) كېسەللىك ئېغىر رايونلاردا 7 - ۋە 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىنىكونازول (烯唑醇) نىڭ 1500 ھەسسەلىك ئېرىتمىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش كېرەك. كېسەللىك يېنىك كۆرۈلگەن رايونلاردا 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر قېتىملا پۈركۈسە بولىدۇ. (2) كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئاچ ئازولون (三唑酮) ياكى %12.5 لىك دىنىكونازولنى پۈركۈش لازىم.

**2. ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش:** چىلان

دەرىخىدىكى كېسەللىك كۆپىنچە ھاشارات زەخىملەندۇرگەن ئېغىزلاردىن كېسەللىك مىكروبى كىرىش ئارقىلىق تارقىلىدۇ، شۇڭا ھاشارات زىيانداشلىقى پەيدا بولۇشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى ۋە دەرىجىسى ـــ كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. چىلانغا ئادەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ھاشارات كۆپرەك زىيان سالىدۇ. (1) چىلان ماگدامچى قۇرتى: بۇ ئوزۇقلۇق تاللىمايدىغان زىيانداش ھاشارات بولۇپ، لىچىنكىسى يۇمران بىخنى يەيدۇ، يوپۇرماق چىققاندىن كېيىن يوپۇرماقنى يەيدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتكۈل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ، مەھسۇلاتنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش ئۇسۇلى: ① چىلان بىخى ئۈچ سانتىمېتىر بولغاندا، 2.5% لىك فاستاك (高效氯氰菊酯) نىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش ئارقىلىق، چىلان ماگدامچى قۇرتى لىچىنكىسىنى يوقىتىش لازىم. ② دىساس (敌杀死) نىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈپ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك؛ (2) كىچىك نەشپۈت مېغىز قۇرتى: بۇ مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات بولۇپ، مېۋە ئۇرۇقچىسىنى بويلاپ ئوزۇقلىنىدۇ، ھاشارات يوقى مېۋە ئىچىدە قېلىپ مېۋىنىڭ بالدۇر تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا: ① 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى لىچىنكا تۇخۇمىدىن چىقىدىغان پايدىلىق مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ يوقىتىش كېرەك؛ ② 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۆكۈلۈپ كەتكەن مېۋىلەرنى يىغىپ كۆيدۈرۈش لازىم؛ (3) چىلان يېپىشقاق قۇرتى: لىچىنكىسى ئاۋۋال نوتا، يۇمران يوپۇرماقنى يەپ، كېيىن يېپەكچە قۇسۇپ يوپۇرماقنى ئورىۋالىدۇ. ئاندىن يوشۇرۇن زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا: ① ئۆچەكتىن چىقىشتىن بۇرۇن دەرەخ قوۋزىقىنى سويۇپ، قىشتىن ئۆتكەن قورچاقلىرىنى يوقىتىش كېرەك؛ ② يېتىلگەن قۇرت قورچاقتىن چىقىش باسقۇچىدا، چىراغ نۇرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ جەلپ قىلىپ يوقىـ

# پۇركۇپ سۇغىرىش سىستېمىسىنى لايىھەلەشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

تاجىگۈل سەمەت
(ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە پۈتۈنلەي سۇغىرىشقا تايىنىدۇ. سۇ بايلىق مەنبەسى رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، تېجەشلىك سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. ئالدى بىلەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى توپلاش، يەر تۈزلەش، ھاۋا رايى، تۇپراق قاتارلىق تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللارنى،

---

تىش لازىم؛ ③ دېڭىزنىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈپ مۇداپىئەلىنىش كېرەك. (4) مېۋىلىك دەرەخ پارازىت قۇرتى ۋە چىلان پىتى: بۇلارنىڭ لىچىنكىسى ياكى يېتىلگەن قۇرتى چىلان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ياكى 1ـ 2 يىللىق شېخىغا چاپلىشىپ، شاخ، يوپۇرماق، مېۋىدىكى شىرنىنى شوراپ، چىلان دەرىخىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مېۋىسىنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا: ① قىشتا چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن شاخلارنى چاتاپ يىغىپ كۆيدۈرۈش كېرەك. ② كۆشەندىلەرنى قوغداش لازىم. (5) چىلان تىكەنلىك كېپىنىكى، سېرىق تىكەنلىك كېپىنەك ۋە يېشىل تىكەنلىك كېپىنەك قاتارلىقلارمۇ چىلانغا زىيان سالىدۇ. بۇلارنىڭ لىچىنكىسى چىلان يوپۇرمىقىغا بەكرەك زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا: ① كۈزدە دەرەخ تۈپى ئەتراپىدىكى تۇپراقنى ئاغدۇرۇپ، يېتىلمىگەن ھاشاراتنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش كېرەك؛ ② كۆشەندىلەرنى قوغداپ ئۆلاردىن پايدىلىنىش لازىم؛ ③ قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (02)

جۇملىدىن زىرائەت تېرىش، ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ئۇسكۇنە يەتكۈزۈپ بېرىش، مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش، ئەمگەك كۈچى، قاتناش ۋە تېخنىكا سەۋىيەسى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى ئايدىلىز قىلىش لازىم.

2. پۈركۈپ سۇغىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تېخنىكا ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇمكىنچىلىكنى تولۇق مۆلچەرلەپ، سۇ ئىنشائات ئومۇمىي پىلانىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈركۈپ سۇغىرىش كۆلىمىنى بېكىتىش لازىم.

3. سۇغىرىش رايونىغا ماس كېلىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى ئانالىز قىلىپ، سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇشى، سۇ ناسوسى، ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرىنىڭ ئورنى، پۈركۈش ئېغىزىنى ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى قاتارلىقلارنى ئالدىن بېكىتىش لازىم.

4. ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسىنى تاللاپ قوللىنىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

5. سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولىنىڭ سۇ ئېنېرگىيەسىنى ھېسابلاپ چىقىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن سۇغىرىش شەكلىگە ئاساسەن، تىپىك قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى بېكىتىش ھەمدە تۇرۇبا يولىدىكى سۇنىڭ پەسىيىش زىيىنى ھېسابلاپ، تۇرۇبا ماتېرىيالىنى تاللاش لازىم. سۇ ناسوسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ موتور تىپىنى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك.

6. قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي خامچوتىنى ئەستايىدىل ھېسابلاپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلار بويىچە لايىھەنىڭ ئومۇمىي چۈشەندۈرۈلۈش ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئەتىيازلىق سۇ باشلاشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئەنۋەر تۇرغۇن
(ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

1. ئەتىياز كىرىشى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا سۇغىرىش باشلىنىدۇ. شۇڭا سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ۋە سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى ۋە زىرائەت تۈرلىرىگە ئاساسەن، سۇ ھەققى يىغىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا يوللاش، پىلان بويىچە سۇ بىلەن سۇ ھەققى يىغىش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

2. سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن سۇ باشلاشتىن بۇرۇن ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش ئۆستەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

3. سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى تەكشۈرۈش، مەنپەئەتلەنگۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك كۈچى تەشكىل قىلىپ، سۇ يەتكۈزۈش ئۆستەڭلىرىنى بىر قېتىم تازىلاپ، بۇزۇلغان ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

4. سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ئاساسەن، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىنى بەلگىلەپ ۋە ئۇلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ سۇ باشلاشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

5. سۇ بىلەن تەمىنلەشتە، سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ يەتكۈزۈش، سۇ تەقسىملەش، قاپقاق، تۇما قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش لازىم.

6. تەقسىماتتا ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل خادىملار پىلان بويىچە سۇ تەقسىملەش ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى توغرا، ئادىل ئىشلەپ، كۈندىلىك خاتىرە قالدۇرۇپ، سۇ تەمىنلەشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش لازىم.

# توما - تاقاق، چىغىرىق ئۈسكۈنىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مۆمىن ياسىن
(تارىم دەريا ئېقىنى قەشقەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

شىنجاڭ رايونىمىزنىڭ تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرسى تۆۋەنلىگەندە دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ توما - تاقاق، چىغىرىق ئۈسكىنىلىرى توڭلاپ، نورمال سۇ تەڭشەش ئىشلىرىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. سوغۇقنىڭ تەسىرىدە توما - تاقاقلار، چىغىرىق ئۈسكىنىلىرىنىڭ سىلىقلاش مايلىرى توڭلاپ قېلىپ، توما - تاقاقلارنىڭ ئوقۇرىدا مۇز تۇتۇپ، سۇ ئۈستىدىكى مۇزلارنىڭ توما - تاقاقلارغا سوقۇلۇشى ھەمدە تاقاق ئالدى - كەينىدىكى مۇزلارنىڭ تاقاق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، چىغىرىقلارنى ئايلاندۇرۇش، تاقاقلارنى كۆتىرىپ بېسىشتا ئەسلى لاھىيەدىكى ئېغىرلىق كۆتىرىش كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ، تاقاقلارنى كۆتىرەلمەسلىك، مەجبۇرى كۆتۈرگەندە توك يوللىرى ۋە توك ئۈسكۈنىلىرنى كۆيدۈرۈۋېتىش، چىغىرىق بىلەن تاقاقنى ئۇلاپ تۇرغۇچى ئۈسكۈنىلەرنى بۇزۇش، ئېگىۋېتىش، قاتارلىق ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان نورمالسىز كاشىلىلار تۈپەيلىدىن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئىش-

7. سۇ تەقسىمات ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملار ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىغا ئېقىپ بارغان سۇ مىقدارىنى، سۇغىرىش كۆلىمىنى تولۇق خاتىرىلەپ، ئايمۇ - ئاي ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇنلارغا ۋە سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا مەلۇمات يوللاش كېرەك.

8. سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ، ئېتىزلارغا پىلان بويىچە سۇ قويۇش، سۇنى ئىسراپ قىلماسلىق، سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش لازىم.

9. سۇغىرىشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تۆۋەنگە قارىتا پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، بىخەتەر ئىشلىتىش، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆز ۋاقتىدا سۇ ھەققى تاپشۇرۇش، سۇ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. (05)

لىتىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا مۇنۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. سۇ ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن توم ـ تاقاق، چىغىرىق ئۇسكىنىلىرىنىڭ مېخانىك قىسمى، توك يوللىرىنى، سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، مەسىلە كۆرۈلسە رېمونت قىلىپ، توما ـ تاقاق ئۇسكىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. چىغىرىقلارنى توڭلاشقا چىداملىق سىلىقلاش مېيى بىلەن سىلىقلاش لازىم.

3. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شارائىتى بار ئورۇنلار يەر ئاستى سۈيى ئارقىلىق توما ـ تاقاقتىكى قېلىن مۇزلارنى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قەرەللىك ئېرىتىپ، تاقاق بىلەن ئوقۇرنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

4. قايناقسۇغا تۇز قوشۇپ (20% لىك تۇز سۈيى تەييارلاپ)، توما ـ تاقاقلارنىڭ توڭلىغان قىسمىغا تۇز سۈيىنى قۇيۇش ياكى تېمىتىپ بېرىش كېرەك، بۇنىڭ تاقاق ئەتراپىدىكى مۇزلارنى ئېرىتىشتە بەلگىلىك ئۈنۈمى بار.

5. مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن، قەرەللىك ھالدا چىغىرىق ۋە تاقاقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغاندا، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە نورمال مەشغۇلات قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

6. توما، چىغىرىقلار قويۇلغان جاينى ئىسسىق ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ جايدىكى چىغىرىقنىڭ ھەرىكەتچان قىسمىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم .

7. ئەگەر بەك سوغاق كۈنلەردە يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندە، ئادەم كۈچى بىلەن توما ـ تاقاقلارنى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاقاقنى مەلۇم ئېگىزلىككىچە كۆتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم

8. توما تاقاقلارنىڭ توڭلاش قىسمىغا سولىدۇل مېيىنى سۈرۈش ئارقىلىق، مايغا سۇ يۇقماسلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

# تۆللەردىكى ۋىتامىن A يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

قەلبىنۇر ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيە مىشا يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

ۋىتامىن A تۆللەرنىڭ كۆرۈش سېزىمىنى ساقلاش، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىش، كۆپىيىش ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ساقلاش، ھەزىم قىلىش، نەپەسلىنىش، سۈيدۈك ئاجرىتىش، كۆپىيىش يوللىرىدىكى شىللىق پەردە ھەم مۇڭگۈزلۈك پەردىلەرنىڭ ئېپىتېلىيە ھۈجەيرىلىرىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش ۋە ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كەم بولسا بولمايدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** بۇ كېسەللىك ئاساسەن چىشى ماللارنى قىش ۋە ئەتىيازدا ئۇزاق مۇددەت سامان غوللۇق، يىرىك قۇرۇق ئوت ـ چۆپ بىلەن بېقىش ياكى چىگىت كۈنجۈرىسى، كونا شاخ ـ شۇمبا قاتارلىق تەركىبىدە ۋىتامىن A كەمچىل بولغان ئوزۇق بىلەن بېقىشتىن، تۆللەر ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ۋىتامىنلارنى ئانىلىق مال تېنىدىن قوبۇل قىلالماي، شۇنداقلا چىشى ماللارنىڭ بوغازلىق ۋە سۈت ئېمىتىش مەزگىلىدە جىگەردە زاپاس ۋىتامىن A نىڭ زىيادە خورىشىدىن تۆللەردە ۋىتامىن A يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆللەردە قېرىن ۋە ئۈچەي كېسەللىكلىرى كۆرۈلگەندە، ۋىتامىن A نىڭ سۈمۈرۈلۈشى تەسىرگە ئۇچراش سەۋەبىدىن ۋىتامىن A يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** تۆللەردە ۋىتامىن A يېتىشمىگەندە ئېپىتېلىيە قەۋەت مۇڭگۈزلىشىش، نامازشام قارىغۇسى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستىلاش، ھەزىم ناچارلىشىش، دائىم ئىچى سۈرۈش، تېزىكىگە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ئارىلىشىپ كېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دائىم كاناي ياللۇغى بولۇپ يۆتىلىش، نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىش، تەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەش، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىش، بۇرنىدىن شىلىمشىق ياكى يىرىڭلىق ئاجراتمىلار ئېقىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. كې-

سەللەنگەن تۈل ئۇرۇقلايدۇ، يۇڭلىرى پاخپىيىپ پارقىراقلىقىنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، تېرىسى قۇرغاق ھەم يىرىكلىشىدۇ، ماڭغاندا دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ئۆلىدۇ.

**3. دىياگنوز قويۇش:** كۆزنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشى (نامازشام قارىغۇسى ۋە مۇڭگۈزلۈك پەردىنىڭ يۇمشىشى) بىلەن مەركىزىي نېرۋىنىڭ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ۋە يۈز نېرۋىسىنىڭ پالەچلىنىشى ھەم كۆندىلىك بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇق راتسىيونىنى تەھلىل قىلىش ۋە كىلىنىكىلىق ئالامەتلىرىگە ئاساسەن دىياگنوز قويۇلىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش:** (1) بوغاز ماللارنى بوغازلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەركىبىدە ۋىتامىن A مول بولغان يەم ـ خەشەكلەر، مەسىلەن: كۆممىقوناق، بېدە، سەۋزە، كاۋا قاتارلىقلار بىلەن بېقىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) تۆللەر تۇغۇلۇپ 1 ـ 3 ئايلىق بولغىچە يەم ـ خەشىكىگە مۇۋاپىق مىقداردا بېلىق مېيى قوشۇپ بېرىش، چىشى مال ۋە تۆللەرگە شىرنىلىك يەم ـ خەشەك ۋە سىلوسلانغان يەم ـ خەشەكلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا بېرىش كېرەك؛ (3) تۆللەرنى بېقىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە ۋىتامىن AD ئوكۇلى قۇلۇن، موزايلارغا 2ـ 3 مىللىلىتىردىن، قوزا ـ ئوغلاقلارغا 0.5 ـ 1 مىللىلىتىردىن كۈندە بىر قېتىمدىن ساقايغىچە ئوكۇل قىلىنىدۇ.(4) بېلىق مېيىدىن قۇلۇن،موزايلارغا 5 ـ 10 مىللىلىتىردىن، قوزا ـ ئوغلاقلارغا 2 ـ 3 مىللىلىتىردىن كۈنىگە بىر قېتىمدىن ساقايغىچە ئىچكۈزۈش لازىم؛ (5) كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆزنى %0.9 لىك فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيىدە پاكىزە يۇيۇپ، ئاندىن كورتىزون ئاتسېتات مەلھىمى (可的松醋酸软膏) نى كۈندە ئىككى قېتىمدىن ئۇدا بىرقانچە كۈن سۈرۈش كېرەك؛ (6) يۈرەك ھەرىكىتىنى نورماللاشتۇرۇپ، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن كوففېئىن ناترىي بېنزوئات (安纳咖) ئوكۇلىدىن قۇلۇن، موزايلارغا 2 ـ 3 مىللىلىتىردىن، قوزا، ئوغلاقلارغا 0.5 ـ 1

# چارۋىلاردىكى تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

چىمەنگۇل زۇنۇن مىكەرەم مەمەت
(قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقى چارۋىلاردا كۆپرەك ئۇچرايدىغان كېسەل. لىكلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. كېسەللەنگەن چىشى چارۋىلاردا داۋاملىق كۈيلەش، رېتىمسىز كۈيلەش ياكى پەقەت كۈيلىمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقى فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقى ۋە سېرىق تەنچە خالتىلىق ئىششىقى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** بېقىپ باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، مەلۇم كېسەللىك سەۋەبىدىن مېڭە ھىپوفىز ئالدى ياپراقچىسى ئاجرىتىپ چىقار- غان مېتاكېنترىن (促黄体素) ھورمۇنى يېتىشمەسلىك ياكى فوللىترو- پىن(促卵泡激素) نىڭ كۆپلەپ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشى سەۋەبىدىن فولى- كوللا ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىپ، نورمال تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرالماي، فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقى پەيدا بولىدۇ. تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقارغاندىن كېيىن سېرىق تەنچە ئىچىدە كاۋاكچە ھەم سۇ پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن سې- رىق تەنچە ئىششىقى پەيدا بولىدۇ.

---

مىلىلىتىردىن كۈنگە بىر قېتىمدىن ئۇدا بىرقانچە كۈن ئوكۇل قىلىش لازىم. ئىچى سۈرۈشنى توختىتىشتا يەنە گىنتامىتسىن (庆大霉素) دىن قۇلۇن، موزايلارنىڭ ھەر كىلوگىرام تىرىك ئېغىرلىقى ئۈچۈن 15 ـ 20 تۈمەن خەلقئارا بىرلىك، قوزا، ئوغلاقلارغا 5 ـ 10 تۈمەن خەلقئارا بىرلىك- نى مۇسكۇلدىن كۈندە ئىككى قېتىم ئوكۇل قىلسىمۇ ياكى ئىچكۈزسىمۇ بولىدۇ ياكى سامساق تىنىكتۇرىسى (大蒜酊) دىن قۇلۇن، موزايلارغا 30 ـ 50 گىرام، قوزا، ئوغلاقلارغا 5 ـ 10 گىرامنى 1 ـ 2 قېتىم ئىچكۈزسە ھەزىم قىلىشى ياخشىلىنىپ، ئىچ سۈرۈشى توختايدۇ. (02)

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** (1) فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقى: بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇدا ياكى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆيلەيدۇ، ھەۋەسى كۈچىيىدۇ، قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالىدۇ، جىنسىي لەۋ ئىششىيدۇ ھەم سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ئورۇقلايدۇ. توغرا ئۈچەيدىن قول سېلىپ تەكشۈرگەندە تۇخۇمدانىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ئۈستىدە 1 ـ 2 خالتىلىق ئىششىقنىڭ بارلىقى ياكى نۇرغۇنلىغان كىچىك فولىكوللا بارلىقى بىلىنىدۇ، لېكىن تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرالمايدۇ. (2) سېرىق تەنچە خالتىلىق ئىششىقى: بۇ خىل ئەھۋالدا كۆيلىمەيدۇ، توغرا ئۈچەيدىن تەكشۈرگەندە سېرىق تەنچە ھەجمىنىڭ چوڭايغانلىقى بىلىنىدۇ.

**3. داۋالاش:** (1) گونادوتروپىننى قويغۇزۇۋەتكۈچى ھورمون (促性腺释放激素) دىن 400 ـ 600 گىرام ئىنەككە مۇسكۇلدىن ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇدا 1 ـ 4 كۈن ئوكۇل قىلىنىدۇ. لېكىن ئومۇمىي مىقدارى ئۈچ كىلوگىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئادەتتە دورا ئىشلىتىپ 25 ـ 30 كۈنگىچە خالتىلىق ئىششىق ئاستا ـ ئاستا يوقاپ، تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرىشى ئەسلىگە كېلىپ، نورمال كۆيلەيدۇ؛ (2) خورىئونىڭ گونادوتروپىن (绒毛膜促性激素) سېرىق تەنچىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، كالا، ئاتلارغا 2500 ـ 3000 تۇمەن بىرلىك ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى قورساق دىۋارىدىن ياكى جىنسىي يول گۈمبىزىدىن خالتىلىق ئىششىق ئىچىگە كىرگۈزسىمۇ بولىدۇ؛ (3) مېتاكېنتىرىن (促黄体素) نى كالىلارغا بىر قېتىمدا 100 ـ 200 تۇمەن بىرلىك، ئاتلارغا 200 ـ 400 تۇمەن بىرلىكنى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلسا بولىدۇ. ئادەتتە 3 ـ 6 كۈندە خالتىلىق ئىششىق كىچىكلەپ، 15 ـ 30 كۈندە ئەسلىگە كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دورىلار فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقى ۋە سېرىق تەنچە خالتىلىق ئىششىقنى داۋالاشقا ئخشاشلا ماس كېلىدۇ. فولىكوللا خالتىلىق ئىششىقنى داۋالاشقا پىروگىستىرون (黄体酮) دىن 50 ـ 100 مىللىگىرامنى مۇسكۇلدىن ئۇدا 14 كۈن ئوكۇل قىلسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.(02)

# توخۇ چىچەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

نىزامىدىن ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيە ياقىرىق يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** بۇ كېسەل ئەتىياز پەسلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاساسلىقى بېقىپ ـ باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، يەم ـ خەشەكتىكى ھەر خىل ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، توخۇخانا نەملىكىنىڭ تۆۋەن، ھاۋا ئالمىشىشىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، تازىلىقى ناچار بولۇش، توخۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چوقۇشى ۋە قان شورۇغۇچى پارازىتلار (توخۇ پىتى) بىلەن يۇقۇملىنىپ، كېسەللىك قوزغاتقۇچى چېچەك ۋىرۇسىنىڭ توخۇنىڭ تېرە ۋە شىللىق پەردىلىرىدىكى جاراھەت ئېغىزى ئارقىلىق يۇقۇملاندۇرۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەلنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى 3 ـ 7 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، تېرە تىپلىق ۋە شىللىق پەردە تىپلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. (1) تېرە تىپلىق چېچەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان توخۇنىڭ تاجىسى، گۆش ساقىلى، كۆز، قاپاقلىرى، پۇتى ۋە تېنىنىڭ پەي يوق جايلىرىدا سۇر، ساغۇچ سۇر ياكى بېغىررەڭ چېچەك قاپارتقۇچىسى پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە بۇ قاپارتقۇچىلار ئېغىز ئېلىپ قاقاچلىنىپ چۈشۈپ كېتىدۇ، جايلىق ئورۇن ئېقىش تارتۇق بولۇپ قالىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ روھسىزلىنىدۇ، تەن تېمپېراتۇرىسى ئازراق ئۆرلەيدۇ. مىكىيانلاردا تۇخۇم تۇغۇشى ئازلايدۇ ياكى 3 ـ 4 ھەپتىگىچە تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ، كېيىنچە ئۆزلىكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ؛ (2) شىللىق پەردە تىپلىق چېچەك كېسىلى كۆپىنچە كىچىك ۋە ئارا چوجىلەرگە كۆپرەك يۇقىدۇ. يۇقۇملانغان چوجىنىڭ ئېغىزى، بۇرۇن بوشلۇقى ۋە كېكىرتەك شىللىق پەردىسىدە رەڭگى ئاق نۇرغۇن توچكىلار پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە بۇ ئاق توچكىلار يوغىناپ، بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، سېرىق ئېرىمچىك-

سىمان نىكروزلۇق ماددىلارغا ئايلىنىپ، ساختا پەردىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا كېسەللىك ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشسا، نەپەس ۋە يۆتۈش قىيىنلىشىپ، يەم يېمەي ئورۇقلاپ، ئاخىردا ئۆلۈپ قالىدۇ.

**3. داۋالاش:** ئادەتتە تېرە تىپلىق توخۇ چېچىكىنىڭ كەلتۈرىدىغان خەۋپى تۆۋەن بولغاچقا داۋالاش بىھاجەت. شىللىق پەردە تىپلىق توخۇ چېچىكىنى داۋالاش ئاساس قىلىنىدۇ. داۋالاشتا: (1) كېسەللەنگەن توخۇلارنى ۋاقتىدا ئايرىپ سولاپ، ئېغىز بوشلۇقى شىللىق پەردىسىدىكى قاپارتقۇچ ۋە قاقاچلارنى قىسقۇچ بىلەن سويۇپ ئېلىۋېتىپ، 0.9% لىك فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىدە ياكى 1% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسى بىلەن يۇيۇپ تازىلاپ، ئاندىن 2% لىك يود تىنىكتۇرىسى (碘酊) ياكى 2% لىك كاربونات كىسلاتا مەلھىمى (碳酸软膏) نى كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 3 ـ 5 كۈن سۈرۈش كېرەك؛ (2) كۆز قىسمى ئىششىغان ھەم كۆز قارىچۇقى زەخمىگە ئۇچرىمىغان توخۇلارنىڭ كۆز قىسمىدىكى يىرىڭ ۋە ئېرىمچىككە ئوخشاش سىرغىتمىلارنى 2% لىك بورات كىسلاتا سۇيۇقلۇقى (硼酸液) بىلەن تازىلاپ، ئاندىن 5% لىك دەنبەيىن ئېرىتمىسى (蛋白银溶液) نى كۆزىگە كۈندە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا 3 ـ 5 كۈن تېمىتىش لازىم؛ (3) كېسەللىك ئېغىر توخۇلارغا قارىتا ئىچىدىغان سۈيىگە كۈندە بىر قېتىمدىن مورووكسىد (病毒灵) پاراشوكى قوشۇپ بەرسىمۇ ياكى مۇسكۇلغا كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئۇدا 3 ـ5 كۈن ئوكۇل قىلسىمۇ بولىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش:** بېقىش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، توقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش، قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىپ، كېسەللىك تارقىلىشتىن بۇرۇن توخۇ چېچەك كېسىلىنىڭ ئاجىز توكسىنلىق ۋاكسىنىسىنى ياكى ئاقسىل قوشۇلغان ئاجىز توكسىنلىق ۋاكسىنىسىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

# موزاي چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

روزىگۈل ئەخمەتنىياز
(خوتەن شەھىرى توساللا يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** موزاي چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى (كولىباتسىللوز) موزاي ئاقچىشقاق كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەللىك چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، قان چىرىش، ئۆتكۈر ئىچى سۈرۈش ۋە سۇسىزلىنىش بىلەن ئالاھىدىلىنىدۇ. ئاساسلىقى ھەزىم قىلىش يولى ئارقىلىق يۇقىدۇ، بالىياتقۇ ۋە كىندىكنىڭ يۇقۇملىنىشى ئارقىلىقمۇ يۇقىدۇ، بىر ھەپتىلىك ئىچىدىكى يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەللىك قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى موزاي تۇغۇلۇپ ۋاقتىدا ئوغۇز سۈتى ئىممەلمەسلىك ياكى ئەمگەن ئوغۇز سۈتى ئاز بولۇش، موزاينىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ھەزىم قىلىش فۇنكسىيەسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا قوتان نەملىكىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، كۆن نورى يېتەرلىك چۈشمەسلىك، كىندىك كەسكەندە ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلماسلىق قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنى قوزغىتىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** ئۆتكۈر خاراكتېرلىك موزاي چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپى بولىدۇ. (1) قان چىرىش تىپى: بۇ خىل تىپى ئاساسلىقى تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنلۈك ئىچىدىكى موزايلاردا كۆرۈلۈپ، كېسەللىك ئۆتكۈر، كېسەللىك جەريانى قىسقا بولىدۇ. كېسەللەنگەن موزاينىڭ تەن تېمپېراتۇرىسى 41℃ - 41.5℃ قا چىقىدۇ ياكى تۆۋەنلەپ 30℃ قا چۈشۈپ قالىدۇ، ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ دائىم دېگۈدەك يېتىۋالىدۇ، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، سۈت ئەممەيدۇ، كۆپىنچە موزايلارنىڭ سۇدەك ئىچى سۈرىدۇ. تېزىكى ئاقۇش سېرىق ياكى ساغۇچ يې-

شىل كېلىدۇ. ئىچى سۈرگەن موزايلارنىڭ تېزىكى لىمون رەڭدە بولۇپ، قۇرغاق ۋە قان ئارىلاشقان بولىدۇ. بۇ خىل تىپ ئوغۇز سۈت ئىمەلمىگەن موزايلاردا بولىدۇ. چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى ئۈچەيدىن بىۋاستە قانغا ئۆتۈپ قاننى چىرىتىدۇ، كېسەللەنگەن موزايلار بىر كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ قالىدۇ؛ (2) ئۈچەي تىپى: بۇ خىل تىپى ئاساسلىقى ئىچى سۈرۈش بىلەن ئالاھىدىلىنىدۇ. كېسەللەنگەن موزاي خامۇشلىنىدۇ، تەن تېمپېراتۇرىسى ئازراق ئۆرلەيدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تېزىكى ئاچ سېرىق كېلىدۇ. كېيىنرەك ئاچ كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ سۇدەك ئىچى سۈرىدۇ. سۈت ئۇيۇندىلىرى، قان يىپچىلىرى ۋە گازلىق كۆپۈكچىلەر ئارىلىشىپ كېلىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى ئېغىر بولغان موزايلار سۇسىزلىنىپ ياكى ئۆپكە ياللۇغىغا ئاسارەتلىنىپ ئۆلۈپ قالىدۇ؛ (3) زەھەرلىنىش تىپى: بۇ خىل تىپ بىلەن كېسەللەنگەن موزايلاردا تىپىك كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيلا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدۇ. كېسەللىك جەريانى سەل ئۇزۇنراق بولغان موزايلاردا تىنچسىزلىنىش، بوينى تارتىشىپ قېلىش، ھوشىدىن كېتىش قاتارلىق زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك نېرۋا ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** (1) بوغاز ئىنەكلەرنى بېقىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۇغقاندىن كېيىن يېتەرلىك ئوغۇز سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) موزاي تۇغۇلۇپ 30 كۈن ئىچىدە يېتەرلىك ئوغۇز سۈت ئىمىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (3) تۇغۇتخانىنىڭ قۇرۇق، پاكىز، ئازادە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، تۆل ئېلىشتىن بۇرۇن تۇغۇتخانىلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئىنەكنىڭ يېلىن تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ (4) موزايلارنىڭ كىندىكىنى كەسكەندە دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، كىندىكنىڭ يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4. داۋالاش:** بۇ كېسەللىكنى داۋالاش پىرىنسىپى ئانتىبىيوتىكلىق

دورىلارنى ئىشلىتىپ كېسەللىكنى تىزگىنلەپ سۇيۇقلۇق تولۇقلاش، ئاش-
قازان - ئۈچەي فۇنكسىيەسىنى تەڭشەش ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. داۋالاشتا خلورومىتسىن (氯霉素)، تېررامىتسىن
(土霉素)، ستىرېپتومىتسىن (链霉素) ياكى نېئومىتسىن (新霉素) قاتار-
لىق ئانتىبىيوتىكىلىق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىزدىن ئىچكۈزگەندە دەس-
لەپتە ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 30 - 50 مىللىگىرام،
12 سائەتتىن كېيىن يېرىمى ئازايتىلىپ ئۇدا 3 - 5 كۈن ئىچۈرۈلى-
دۇ. مۇسكۇلىدىن ئوكۇل قىلغاندا ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقى ئۈ-
چۈن 10 - 30 مىللىگىرامدىن ھېسابلاپ، كېسەللىك ئالامىتى يېنىك-
لىگەنگە قەدەر ئوكۇل قىلىنىدۇ.

سۇيۇقلۇق تولۇقلاشتا 5% لىك گىلۇكوزلىق فىزىيولوگىيەلىك تۇز
سۇيى (葡萄糖生理盐水) ياكى مۇرەككەپ ناترىي خلور (复方氯化钠)
دىن 1000 - 1500 مىللىلىتىر ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. زەھەرلىنىش
ئالامىتى كۆرۈلگەندە 5% لىك ناترىي كاربونات سۇيۇقلۇقى (碳酸氢钠液)
دىن 80 - 100 مىللىلىتىر ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ.

ئاشقازان - ئۈچەي فۇنكسىيەسىنى تەڭشەشتە، سۈت كىسلاتاسى (乳酸)
دىن ئىككى گىرام، ئىختىيول (鱼石脂) دىن 20 گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا
90 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەر قې-
تىمدا بەش مىللىلىتىردىن كۈنىگە 2 - 3 قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ. ئاشقازان -
ئۈچەي شىللىق پەردىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، زەھەرنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى
ئازايتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلارنىڭ بىرسى تاللاپ ئىچۈرۈلىدۇ. بىسمۇت
سوبنىترات (次硝酸铋) دىن 5 - 10 گىرام، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان
كۆمۈر (活性炭) دىن 50 - 100 گىرام، چىنە توپىسى (白陶土) 10 - 20
گىرام ئىشلىتىلىدۇ. ئاشقازان - ئۈچەي مىكرو ئورگانىزملىرىنىڭ تەڭ-
پۇڭسىزلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن لاكتازىن (乳酶生) دىن ھەر قېتىمدا
5 - 10 تابلېتكا، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ. (02)

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى داۋانغا چىققاندا ۋە چۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

زۆھرەگۈل ھەسەن
(ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن)

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى داۋانغا چىققاندا ياكى چۈشكەندە داۋاننىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى، ماشىنىنىڭ يۈكلىنىش ئەھۋالى، ماشىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئىشلەش ھالىتى، پىرىنسىپ چاتقان - چاتمىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

**1. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تولۇق يۈكتە تىك داۋانغا چىققاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار:** (1) يۇقىرى خوتتا مايىنى كۆچەپ دەسسەپ، مەجبۇرىي يۇقىرىغا ئۆرلەشتىن ساقلىنىش لازىم. شوپۇرلار داۋانغا چىققاندا يۇقىرى خوتتا تېز سۈرئەتتە چىقىپ بولۇشنى مەقسەت قىلىپ كۆچلۈك ماي دەسسىگەندە، سىلىندىرغا كىرىدىغان ئارىلاشما گاز ئېقىمى ئازلاپ، كۆيگەن يالقۇننىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئاسانلا پارتلاپ كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن موتورنىڭ يۈكى ئېشىپ كېتىپ، ئاسانلا كاھىش كۆيۈش ياكى ئەگرى ئوق ئۈزۈلۈش قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، تولۇق يۈكتە داۋانغا چىققاندا چوقۇم ۋاقتىدا خوت ئورنىنى تۆۋەنلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مايىنى مۇۋاپىق ئازايتقاندا موتور قۇۋۋىتى ئېشىپ، ماشىنا ئوڭۇشلۇق ھالدا داۋانغا چىقالايدۇ؛ (2) داۋانغا چىققاندا ئەگرى سىزىقلىق يۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار تولۇق يۈكتە داۋانغا چىققاندا كۆچەپ كەتكەندەك ھېس قىلسا، بەزى شوپۇرلار داۋانغا چىقىش جەريانىدا ئەگرى سىزىقلىق يۈرۈش تەدبىرىنى قوللىنىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا قاراش بولۇپلا قالماستىن بەلكى زىيانلىق؛ (3) مۇقىم پايدىلىنىپ سۈرئەتنى تۆۋەنلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ماشىنا

ھەيدەپ داۋانغا چىقىش جەريانىدا بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە، بەزى شوپۇرلار مۇفتىنى دەسسەش ئارقىلىق سۈرئەتنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ مۇۋاپىق بولمىغان ماشىنا ھەيدەش ئادىتى بولۇپ، ماشىنا داۋانغا چىققاندا يۈكى ئارتىپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا مۇشۇنداق مەشغۇلات قىلىنسا مۇفتىنىڭ بالدۇر بۇزۇلۇشىنى ھەتتا ماشىنىنىڭ تېيىلىپ كېتىشى ياكى موتور ئوتىنىڭ ئۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تېخىمۇ چوڭ ھادىسە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، داۋانغا چىقىش جەريانىدا پايدىسىز ئەھۋالغا يولۇققاندا دەرھال خوت ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ تۇسالغۇدىن ئۆتۈۋېلىش، ئىمكان قەدەر داۋانغا چىقىش جەريانىدا موتورنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قېلىشتىن ۋە داۋاندا قوزغىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**2. داۋاندىن چۈشكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:** يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار داۋاندىن چۈشكەندە ئاساسلىقى سۈرئەتنى تۆۋەنلىتىش ۋە يۆلىنىشنى كونترول قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ پىرىنسىپلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىك داۋاندىن چۈشكەندە، يۈكلۈك پىرىنسىپنىڭ ئاساسي ماشىنا گەۋدىسىنى ئىتتىرىپ، ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم داۋاندىن چۈشۈش سۈرئىتىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا داۋاندىن چۈشكەندە خوتتىن چىقىرىۋېتىپ يۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. بەزى شوپۇرلار داۋاندىن چۈشكەندە خوتتىن چىقىرىۋېتىپ يۈرسە ماي تېجەيدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما قاتناش نىزامىدا موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى داۋاندىن چۈشكەندە خوتتىن چىقىرىۋېتىپ يۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە: (1) ماشىنا سۈرئەت كونتروللۇقىنى يوقىتىشى مۇمكىن. ماشىنىنى خوتتىن چىقىرىۋېتىپ داۋاندىن چۈشكەندە، موتور ئايلىنىش قارشىلىق كۈچىنى يوقاتقاچقا، داۋاندىن چۈشۈش سۈرئىتى بارغانچە ئېشىپ

بارىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇدا ئەگرى يولغا ياكى تاسادىپىي ئەھۋالغا يولۇقسا، ماشىنا كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن؛ (2) تورمۇزلاش ۋە يۆلىنىش ئۆزگەرتىش سىستېمىلىرىنىڭ ئىشلىمەي قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موتور ئايلىنىشتىن توختىغاچقا، ھاۋا كومپرېسسورى ئىشتىن توختايدۇ، ماشىنىنى داۋاملىق تورمۇزلاش زۆرۈر بولغاچقا، ساقلانغان گاز بېسىمى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تورمۇزلىغۇچ ياردەمچىسى بىلەن يۆلىنىش ئۆزگەرتكۈچ ياردەمچىسى ئىشلىمەيدۇ. شۇڭا داۋاندىن خوتتىن چىقىرىۋېتىپ چۈشۈش ماشىنىنىڭ تورمۇزلاش ۋە يۆنىلىش ئۆزگەرتىش سىستېمىلىرىنىڭ ئىشلىمەي قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن؛ (3) مۇفتىنى ئاسانلا كاردىن چىقىرىدۇ. ئەگەر داۋاندىن چۈشكەندە موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ مۇفتا تەپكىسىنى دەسسەپ سىيرىلىپ چۈشكەندە، داۋاندىن چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت مۇفتىنى قوشۇپ موتورنى ئوت ئالدۇرغاندا، يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتقان مۇفتا ئەگەشكۈچى دىسكىسى بىلەن تىنچ ھالەتتىكى ئۇچقۇرچاق ۋە ئەگرى ئوق ئۇشتۇمتۇت قوشۇلۇپ، مۇفتا غايەت زور ئىمپۇلسلۇق كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مۇفتىنىڭ سۈركىلىش پىلاستىنكىسى قاتارلىق زاپچاسلارنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ (4) سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچنى ئاسانلا بۇزۇپ قويىدۇ. خوتتىن چىقىرىۋېتىپ داۋاندىن چۈشكەندە، گەرچە ئىككىنچى ئوق ئايلانغان بولسىمۇ، دائىم گىرەلىشىدىغان چىشلىق چاق ئايلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ساقلىق قازانلار تولۇق مايلىنالماي تېز ئۇپرايدۇ. ئومۇمەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بوش خوتتا سىيرىلىپ داۋاندىن چۈشكەندە، پەقەت بىخەتەرلىككە زىيان يېتىپلا قالماستىن، بەلكى زاپچاسلارنىڭ ئىشلەش ئۆمرىمۇ قىسقىرايدۇ. (02)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**17 ـ ماددا** مەكتەپلەر قىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مائارىپ، باشقۇرۇش، ئەسلىھە قاتارلىق جەھەتلەردە تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى شەرت. كېسەل ياكى باشقا ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنى مەكتەپكە بەرمىگەن ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەرگە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇش يېشىدىكى قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنىڭ ئوقۇشتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى ھەمدە شارائىت يارىتىپ، نامرات، مېيىپ ۋە كۆچمە ئائىلە ئىچىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاياللار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىق ۋە چالا ساۋاتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلگەندىن كېيىنكى داۋاملىق تەربىيە يىرىك پىلانىغا بەلگىلىمە بويىچە كىرگۈزۈپ، ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەشكىلىي شەكىل ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كونكرېت يولغا قويۇشىغا تەشكىللەتچىلىق، نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك.

**20 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تار-ماقلار تەدبىر قوللىنىپ، شەھەر، بازارلار ۋە يېزىلاردىكى ئاياللارنىڭ ئېھ-تىياجىغا قاراپ، ئاياللارنى كەسپىي تەربىيە ۋە ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىشقا تەشكىللىشى كېرەك.

**21 - ماددا** دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئا-ياللارنىڭ ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**22 - ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئەمگەك ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**23 - ماددا** ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتا، ئاياللارغا باب كەلمەيدىغان ئىش تۈرى ياكى ئىش ئورنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جىن-سىنى باھانە قىلىپ، ئاياللارنى قوبۇل قىلماسلىققا ياكى ئاياللارنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. ئورۇنلار ئايال ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتا، ئۇلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك (تەكلىپلىك ئىشلىتىش) توختامى ياكى مۇلازىمەت كېلىشىمى تۈزۈشى، ئەمگەك (تەك-لىپلىك ئىشلىتىش) توختامى ياكى مۇلازىمەت كېلىشىمىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ توي قىلىشى، پەرزەنت كۆرۈشىنى چەكلەيدىغان مەز-مۇنلارنى بەلگىلىمەسلىكى كېرەك. 16 ياشقا توشمىغان قىزلارنى ئىشقا قو-بۇل قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**24 - ماددا** ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرى-لىدۇ. ئاياللار پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. (05) (داۋامى كېيىنكىساندا)

# خانىم - قىزلارغا خىتاب

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

1. ئەي سۆيۈملۈك ئايال ــ ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ قەدىرلەپ، سۆيۈپ ياشاشقا ئادەتلىنىڭ. ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆزىنى چىن قەدىرلەپ، ئىنچىل سۆيگەنلەرلا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە، شۇنداقلا مەڭگۈ سۆيۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2. ئەي گۈزەل ئايال ــ ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشنى مۇقەددەس بىلىڭ. ئىلىم ـ بىلىمنى ھەقىقىي دوست قىلالىسىڭىز ئەخلاقلىق، ھايالىق، تەقۋادار، كەڭ قورساق، تىرىشچان، ئەمگەكچان، شۈكرى ـ قانائەتچان ۋە تەدبىرلىك بولالايسىز، ھاياتنى ھەقىقىي قەدىرلەشكە يۈزلىنەلەيسىز. ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ بىلىمگە ئاشىق قەلبىگە نۇرلۇق چىراق يېقىپ، ھىدايەت تاپالايسىز.

3. ئەي زىرەك ئايال ــ ئۆزىڭىزگە مەڭگۈ ئىشىنىڭ، شۇندىلا سىز ھەممىگە يارايسىز. ھەرۋاقىت ئۈمىد مەشئىلىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەغرۇر ۋە ئۈمىدۋار ياشاشقا ئادەتلىنىڭ. دىلىڭىز، تېنىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنىڭ پاكلىنىشىغا تىنىمسىز تىرىشىڭ. چۈنكى ھەممە ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ دانالار!

4. ئەي ئاقكۆڭۈل ئايال ــ ئەتراپىڭىزدىكى بارلىق نەرسىلەرگە چىن مۇھەببەت بىلەن بېقىڭ. ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋىشكارى بولمىش ئاياللىق، ئانىلىق سۈپىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ. مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىز بىلەن ھاياتلىقنى قانغۇچە سۆيۈڭ. ھەقىقىي ئانىلىق پەزىلىتىڭىز بىلەن زېمىننى پەرۋىش قىلىشقا يۈزلىنىڭ.

5. ئەي مېھرى ئوتلۇق ئايال ــ ئاتەش كەبى مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى تاۋلاڭ، تەمكىن ياشاڭ. سىزگە نىسىپ بولغان ھەرقانداق

نەرسىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىڭ، گېزى كەلسە قاقاقلاپ كۈلۈڭ. دۇنيانىڭ ئۆزىڭىزگە باش ئېگىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىڭ.

6. ئەي ئەمگەكچان ئايال — بۇ گۈزەل ھاياتلىق دۇنياسىنى چىن مۇھەببىتىڭىز بىلەن گۈل-چېچەككە تولدۇرۇڭ. ئىشىنىمەنكى سىزنىڭ ھەربىر قەدىمىڭىزدىن مىڭ چېچەك ئاچىلۇر.

7. ئەي مېھنەتكەش ئايال — بۇ دۇنياغا كەلگەن ئىكەنسىز مېھنەت قىلىڭ. مېھنىتىڭىزدىن ئۆزىڭىز ھەم باشقىلار بەھرىلەنسۇن. ھاياتلىق سەپىرى سىزنىڭ ئەمگىكىڭىز، چىن مېھنىتىڭىز بىلەن ھەقىقىي گۈزەللىكنى تاپىدۇ، چىن مەناسى بىلەن گۈللىنىدۇ!

8. ئەي ئالەمنىڭ زىننەتلىگۈچىسى ئايال — شۇ پەرىشتە سۈپىتىڭىز بىلەن دۇنيانى بېزەڭ، زىننەتلەڭ. ھەر ۋاقىت سەمىڭىزدە بولسۇنكى، پەقەت سىزلا بۇ دۇنيانى ھەقىقىي ئېتىقاد، ئەمگەك بىلەن تىنماي بېزىگۈچى. بارلىق جانلىقلارنىڭ جېنىغا جان قوشۇپ ھاياتىغا ئۈمىد بېغىشلىغۇچى.

9. ئەي چىۋەر ئايال — ھايا گۈللىرى بىلەن ئۆزىڭىزنى زىننەتلەڭ. ھەرۋاقىت ھايالىق لىباسىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىسىڭىز پەرزەنتىڭىزنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق تەربىيىلەيسىز، ھەمراھىڭىزنى (يولدىشىڭىزنى) ئەيمەندۈرەلەيسىز. ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ئەخلاق نۇرى تارقىتالايسىز.

10. ئەي مېھرى ئاتەش ئايال — ئاتەش مېھرىڭىز بىلەن ئالەمنى نۇرلاندۇرۇڭ. چۈنكى ئەتراپىڭىزدىكى ئېتىقادلىق ئىنسانلار ئاتەش تەپتىڭىزدە تاۋلىنىپ، ھاياتلىق سەپىرىنى مەردانىلىق بىلەن تاۋلاپ، ھاياتنى قەدىرلەشكە يۈزلىنىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ھاياتلىق سىز بىلەن مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئۆز مەناسىنى تېپىپ گۈزەللىككە تولىدۇ. چۈنكى سىز بالىنىڭ، مىللەتنىڭ، زېمىننىڭ، دۇنيانىڭ ئانىسى. پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ھامىيسى!

ئەي ئۇلۇغ ئايال قۇلاق سېلىڭ، پۈتۈن مەۋجۇداتلىق، جىمىكى ئالەم سىزگە مىڭلارچە ئاپىرىن، باركاللا ئېيتماقتا! (05)



1904 — 1971

نىمشېھىت

جاھان ۋەنالىرى ئۈچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار، يوق.
كىرىپ كەينىگە نە ئېسكىنەك بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا ئانسەكە بىخار يوق.
قولاق سالساڭ مۇھەببەتكە ھالىڭ بەربادۇ ناھقا،
يۇتۇپ زەرداب ئېرىقىن داد دەپ كېتىش باتقىچە زار يوق.
ياراغەت ئىزدىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدىن ياخشى ھەمكار يوق.

قۇربانجان روزى شەيدائى يازغان

# نورۇز گۈلى ئېچىلسۇن ، يۇرتلار بولسۇن گۈلستان !



كاتتا ئۇچرىشىش

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى


## يېزا پەن ـــ تېخنىكىسى
(ئايلىق ژۇرنال)

## 农村科技
(月刊)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن ـتېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ـــ 0991
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016